هوشۇر ئىبراهىم

ئابلىمىت هاجى

# چېلىش تەنتەنىسى



مىللەتلەر نەشرىياتى

٥٩٤

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com

ھوشۇر ئىبراھىم    ئابلىمىت ھاجى

# چېلىش تەنتەنىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى

مىللەتلەر نەشرىياتى

چېلىش تەنتەنىسى

هوشۇر ئىبراھىم، ئابلىمىت ھاجى

مەسئۇل مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى

مەسئۇل كوررېكتور: نۇربىيە ئەزىز

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن

نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1981 - يىل 3 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى

1981 - يىل 3 ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.37 يۈەن

www.uyghurkitap.com

قىپ ـ قىزىل قانلاردىن ئاتتى نۇرلۇق تاڭ،
دەۋرىمىز تورەلدى باھاردەك گۈزەل.
قەلبىمىز شاۋقۇنلۇق بىر ئەزىم دەريا،
دىللاردىن قىياندەك ئۇرغىدى غەزەل.

(ھ. ئى)

## مۇندەرىجە

### هوشۇر ئىبراهىم

سالام دىدى تىيانشان.......... 1
ئەقىل ئىگىسى.......... 2
ئايدىڭ كېچە.......... 4
دوستلۇق بەلگىسى.......... 5
خوش .......... 8
گۈلدەستە قويدۇم.......... 12
يېشىل بوستان.......... 14
قىزىلگۈل .......... 16
چېلىشچان يىللار.......... 18
قۇياش باللىرى.......... 22
ئېتىز ناخشىلىرى.......... 25
يۇلتۇز دىسەم.......... 25

www.uyghurkitap.com


سىيالكا .............. 26

ۋەتەن ھەققىدە قوشاق (مۇستەھزات) ... 27

باھاردىكى قايناق چاغ ........... 29

گۈل تۇتىمەن (پۇنىرنىڭ تىلىدىن) .... 30

كۆكسىمدا مېنىڭ يايرىم (قىز ناخشىسى) ... 31

ۋەتىنىم سۆيىمەن سېنى قەلبىمدىن ... 32

كۆز كۆنلىرى ............. 34

ئويۇنچۇق (بىر بالىنىڭ تىلىدىن) ..... 35

لېي فېڭغا مەدھىيە ........... 36

يېڭى يىل كېچىلىرى ........... 38

گۈل دەيمىكىن قىزىمنى ......... 42

پامىردا توي .............. 43

ئاۋانگارت جەڭچى ــ ۋاڭ جىنشى ..... 47

سالام بوزغۇن ............. 48

جۇمۇلاڭمادىكى قارىغاي (سىكىل) .... 50

مۇقەددىمە ............. 50

شەرەپلىك يۈرۈش ........... 51

چېدىردا .............. 52

سۈرەتچى .............. 52

شانلىق قۇربان ........... 53

خاتىمە ............. 54

ئۇستاز . . . . . . . . . . . . . . . 55

جۇزۇڭلىنى كورگەندە . . . . . . . . . . 58

بەختىيار ئەمگەكچىمەن . . . . . . . . . 60

تۇلپار ناخشىسى . . . . . . . . . . . 62

باھار تۇيغۇسى . . . . . . . . . . . 64

ۋەتەن مۇھەببىتى . . . . . . . . . . 66

ئوغلۇمغا . . . . . . . . . . . . . . 67

راۋابىم . . . . . . . . . . . . . . . 69

ئاۋات قەشقەر . . . . . . . . . . . . 70

ئارزۇ . . . . . . . . . . . . . . . 72

ئۇمىت . . . . . . . . . . . . . . . 74

تەنتەنە . . . . . . . . . . . . . . 76

مەرھابا، باھار . . . . . . . . . . . . 79

گۇل . . . . . . . . . . . . . . . . 82

سەھەر . . . . . . . . . . . . . . . 82

ئۇچمەس مۇھەببەت . . . . . . . . . . 83

گۇزەل ھېيتكا . . . . . . . . . . . . 86

پامىر شەنگە (سىكىل) . . . . . . . . 88

پامىر . . . . . . . . . . . . . . 88

گۇزەل يايلاق . . . . . . . . . . . 89

پادىچى يىگىت . . . . . . . . . . . 90

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

سىغىنىچى قىز .............. 92
خوش ................ 93
دىمە! ................. 93
باھار كەلدى............. 95

## ئابلىمىت ھاجى

پارتىيىگە سالام.............. 99
چېلىش تەنتەنىسى............ 103
ۋەتەن ئىشقىدا كويسەك.......... 106
كېچىدىكى ناخشا ئاۋازى.......... 107
گۈل .................. 110
تاك چېچەكلىرى............. 110
ئېتىزلىقتا ............... 113
قۇش بوۋايىغا جاۋاپ........... 115
فابرىكا ئىلھامى............. 116
چېگرا بۇركۈتى............. 117
سەھەردە .............. 121
تېرىمچىلار.............. 123
ئېتىز گۈللىرى............. 124
ئالقىش ............... 125

يايلاقتا باھار.............127
باھار شامىلى ئۇچۇپ ئۆتكەندە.....128
مۇسابىقەنامىگە جاۋاپ..........130
بوزغۇندا قىزىلبايراق...........132
غالىپ پاختەكلى، ئورلە پاختەكلى....136
كەل، يېڭى يىل (مۇسەللەس).......144
جۇزۇگلى ــ قەدىردان، سۆيۈملۈك،
ئۇلۇغ ...............146
قارىغايغا قاراپ.............149
ۋەتەن ھەققىدە رۇبائىيلار.........152
ئاتۇش ھەققىدە ناخشا..........153
يامغۇردىن كېيىن...........156
ئالدىدا ...............157
مۇبارەك قەدەم............159
ئۇچتۇرپان ئىلھاملىرى (سىكىل)....162
يول ئۈستىدە.............162
ئوتقاش شەھەر............164
توقـقۇز بۇلاق...........166
ئوقۇتقۇچىمەن............167
ئوقۇتقۇچىم ــ سۆيۈملۈك ئانام.....170
مەكتەپ تەسراتلىرى (سىكىل).....173

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نۇرانە دەۋرىمىز بىلەن .......... 173
ئىلىم مەشئىلى پارلار دىللاردا ....... 174
غەزەپلىك پىپەن ............. 176
تەجرىبىخانىدا .............. 177
كىتاپخانىدىكى كەچلىك مەنزىرە ...... 177
يېڭى يىل تەسىراتى ........... 178
سۇ .................. 180
بەشكېرەم ھەققىدە ئىككى شېئىر ...... 182
ئانارنىڭ دانىسى ............ 182
تال بارىڭىدا .............. 183
ستانوك ئالدىدا ............. 184
رۇبائىيلار ............... 185
قەشقەر ................. 186
قەشقەر قىزى .............. 189

هوشۇر ئىبراھىم

# سالام دىدى تىيانشان

پارتىيەم، پارتىيەم — مېھرىۋان ئانام،
قەلبىمگە شان بەردى بۇ شەرەپلىك نام.
شۇڭلاشقا زوقلىنىپ ئېيتىمەن بۈگۈن:
تىيانشان يوللىدى يالقۇنلۇق سالام.

بولۇتقا تاقاشقان قەددى-قامەتلىك
تىيانشان سوزلىدى، قوبۇل قىلىپ ئال.
سوزلىگەن ئەمەسقۇ
جانسىز موجىزە؟
ياق، بۈگۈن سوز ئاچتى،
بۇ، تەبىى ھال!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چۈنكى سەن تىل بەردىڭ ئېزىز پارتىيەم،
شەنىڭنى تويلايدۇ شۇڭا تىيانشان.
دېمەككى، خۇش بولۇپ تەبرىكلەر بۇگۈن،
جانلىقتىن ـ جانسىزغا قەدەر ھەممە يان.

پارتىيەم نۇرۇڭدا گۈللەپ تىيانشان،
بولماقتا موتىۋەر، بۈگۈن ھەقىقەت.
كورىمەن بەختىمنى مىسالى كۈندەك،
تىيانشان ھوسنىدىن ئەبەدىل ـ ئەبەت!

1953 ـ يىل ئۈرۈمچى.

# ئەقىل ئىگىسى

مېھنەتكەش ـــ تارىخنىڭ چىن قەھرىمانى،
ئەسىرلەر گۇۋادۇر، ھەممىگە مەلۇم.
مېھنەتكەش ـــ غايىنىڭ يۈكسەك چوققىسى،
ھەر ۋاقىت يېڭىغا ئۇرلەيدۇ دائىم.

ھەر ئاددى ئىنسانغا ئىدرەك، ئاڭ بەردى
ماركسنىڭ غايىسى، ماۋ زېدۇڭ يولى.



تاغلارنى تالقان قىپ، چوللەرنى بوستان،
دۇنيانى ياراتتى مېھنەتكەش قولى.

"بۈيۈك جۇڭگو قانىلى" دەلىلدۇر ئەنە،
شۇ بۈيۈك ئىنساننىڭ ئەقىل ـ كۈچىغا.
ساي ـ چوللەر، دەشتلەر چىمەنزار بولۇپ،
ئايلاندى بۇلبۇل ھەم كاككۇك بېغىغا.

بىپايان ۋەتىنىم باغرىدا بۈگۈن،
ياڭرىدى ئەمگەكنىڭ مەغرۇر ساداسى.
ئاڭلىنار قۇلاققا ئىپتىز قىزىنىڭ ـــ
ياڭراتقان ناخشىسى، خۇش كۈي ـ ناۋاسى.

بەختىيار ۋەتەندە ئەۋج ئالدى مانا،
ئەمگەك ۋە غەيرەتنىڭ يۈكسەك تاشقىنى.
تېخىمۇ يۈكسەلگىن جاسارەت بىلەن،
قەدەمنى چوڭ تاشلا،
داۋان ئاشقىنى.

جەمىيەت قانۇنى ـــ قۇرۇش يېڭىنى،
چېلىش بىلەن ۋەتەننى قىلىش گۈلىستان.
دۇنيانى ياراتقان ئەقىل ئىگىسى،
مېھنەتكەش خەلق ئۇ، ئەڭ بۈيۈك ئىنسان!

1954 ـ يىل ئۈرۈمچى.

# ئايدىڭ كېچە

ئايدىڭ كېچە، زەپ يېقىملىق بۇ دىلىمغا،
سۇ تۇتقىلى ماڭدىم خوشال ئۇز بېغىمغا.
نازلىق كۈلۈپ كۈمۈش رەڭلىك تولۇن ئايمۇ
نۇر چاچماقتا كەڭ ئالەمگە، يان-يېنىمغا.

تىنىق ئاسمان كوينەك كىيگەن كوك تاۋاردىن،
كوينىگىگە گۈل چېكىلگەن ئاق مارجاندىن.
تاغ باغرىدىن چىققان ئىللىق، يۇمشاق شامال
شۇرىلىشىپ ئۇتۇشمەكتە قۇلاق ياندىن.

ھەر چاپقاندا كەتمىنىمنى پارىلدىتىپ،
سۇ ئاچتىممەن گۈزەل باققا شارىلدىتىپ.
باققا كىردى سەدەپ-مۇنچاق زىلال سۇلار،
پورەك بولغان ياش گۈلۈمنى ھەم ياشنىتىپ.

ئېقىن سۇلار شوخ بالىدەك ئويناقلىشار،
ئەتراپىغا مايسا ئۈنگەن ئېرىقلاردا.



ئاي نۇرىدا يالت-يۇلت قىلىپ كوزنى چېقىپ،
ئۇركەش ياساپ كوۋۇك چاچار قىرغاقلارغا.

سۈزۈك سۇلار قۇۋۋەت بېرىپ يىلتىزلارغا،
ئويناپ كەتتى قىزىل قاندەك بارچە غولدا.
چاۋاك چېلىپ شوخ شامالدا يوپۇرماقلار
تەبرىكلەشتى قىزىلگۈلنى گۈزەل باغدا.

تولۇن ئايدەك نازلىق كۈلۈپ گۈل ئېچىلدى،
گۈلنى كورۈپ خوشال بۇلبۇل قانات قاقتى.
مەيىن تىللىق بۇلبۇل بىلەن سايرىدىممەن،
گۈزەل باققا مۇھەببىتىم چەكتىن ئاشتى.

1954-يىل ئۇرۇمچى.

# دوستلۇق بەلگىسى

يۇرىگىم يەلكەندەك ئۇزگەندە ھەر يان،
ۋاھ! باغرىم يېرىلىپ كەتمىدى ھېلى.
خەت يازدى بىر سىڭلىم خەنزۇ دوستىغا،
ئۇركەشلەپ ئاقماقتا ئىلھامنىڭ سېلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

"كەڭ يېزام گۈل قىستى پېشانەسىغا،
گۈلشەنلىك ھاياتىنىڭ ئۆرنىكى قىلىپ.
پاختىلار يوللىدۇق شۇڭا، قوبۇللاڭ،
ئەڭ ئاددى بولسىمۇ ئالى دەپ بىلىپ.

يېزامدا ئۇملىشىپ ئازات دېخانلار،
قايناتتۇق ئىشلارنى دولقۇن يامرىتىپ.
بەخت ۋە شەرەپنىڭ ئۆلگىسى قىلدۇق،
ھوسۇلنى كوپ ئېلىپ، ناخشا ياڭرىتىپ.

ئۆتمۈشتە دەرت چەككەن بىچارە چولپان،
بەختىيار يېزىنىڭ بۈركىتى بۈگۈن.
قادىرمەن شاتلىنىپ خەتلەر يېزىشقا،
پارتىيەم دەۋرىدە يېشىلگەچ تۈگۈن.

ھور ھايات گۈلشىنى گۈلستان يېزام،
كۈتىدۇ زاۋۇتتىن مىڭلاپ تىراكتۇر.
ئىشىنىڭ، جان ئاچا قەلبىڭىز بىلەن،
يۈرەكنىڭ سوزى بۇ، يالغان ئەمەستۇر."

* * *



ئارىدىن ۋاخ ئۆتۈپ، خۇشچاغ بىر كۈنى،
خەت كەلدى مېھرىۋان ۋەتەن قەلبىدىن.
سۆيۈنۈش ئۇستىگە خوشاللىق تاشتى،
ئۇرغىدى قىزىل قان يۈرەك تۈشتىدىن.

يېزىپتۇ: شاڭخەيدىن زاۋۇت ئىشچىسى —
خۇ سېڭرۇڭ ھەققى كۈيۈنۈش بىلەن.
سىزىپتۇ ئورتىغا دوستلۇق بەلگىسى،
يېزىلغان خەتلىرى سۆيۈنۈش بىلەن: —

"خەت ئالدىم سىڭلىدىن — تارىم باغرىدىن،
ئومرۇمدە ئۇنتۇلماس خاتىرە قىلىپ.
ياش تېنىم جىزىلداپ، ئوت ئېلىپ كەتتى،
شۇ ھامان ئولتۇردۇم خەتكە تىكىلىپ.

ئاچاڭمۇ بەشيىللىق ئىشنى ئۈچ يىلدا —
پىلاندىن ئاشۇرۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.
سەن كۈتكەن ئۆمتىنەك يېڭى تىراكتۇر —
كېچە ھەم كۈندۈزى يوللاۋاتىدۇ.

بېرىلگىن، جان سىڭلىم ئۇلۇغ ئىشىڭغا،
ۋەتىنىم بىزلەردىن شۇنى كۈتىدۇ.

ۋەتەننى ياشنىتىپ گۈللەتكەندە دەل،
ئوخچىغان يۈرەكلەر ئارام تاپىدۇ!"

1955 - يىل قەشقەر.

## خوش

ۋاھ... بۈگۈن،
قەلبىم دېڭىزىدىن ئۈرغۈيدۇ —
ئالەمچە ھىسسىيات، شاتلىق تۈيغۇسى.
تەبەت
(ئاشۇ ماڭا سىرداش تەبەت)
غۇۋۇلدار دائىم،
يېقىملىق ساز چېلىپ يېڭى يىل ھارپىسى.
ئەنە، ماڭماقتا
تەڭكەش بولۇپ
قىزىل يۈرەككە،
چېكىلداپ سائەتنىڭ ئىستىرىلكىسى.
كەلمەكتە
چاڭجياڭ،
خۇاڭخې،



تارىم بويىدىن،
كوكلەرنى ياڭراتقان غەلبە خەۋەرچىسى.
قارىغىنا دوستۇم
بىزنىڭ ئەنشەنگە —
پولاتلار يۈرىگى ئىسىل ماكانىغا.
قاينىماقتا پۈرۈقلاپ
چوڭ كوللەردە
تونىلاپ پولات،
ياساش ئۈچۈن تىراكتۇر،
يېشىل گۈلباققا.
قارىغىنا،
لاچىندەك غاقىراپ
بۇلۇت يارغان
تومۇر تۇمشۇق - رىاكتىۋلارنى.
سانىغىنا قېنى؟
(بىر، ئىككى، ئۈچ...)
ۋاي - ۋۇي... شۇنچە جىق،
ساپان ئورنىدىكى تىراكتورلارنى.
ئەنە،
تارىملىق ئۇيغۇر يىگىت
رەخمەت ئېيتىپ باتۇر خەنزۇ خەلقىغە،
تىراكتۇر ئۈستىدە قاقاقلاپ كۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۈنۈگۈنكى پاختىكار
(مامپۇ دوپپىلىق)
بىزنىڭ ھورىقىز
ئىلغار تېخنىكا ئۈستىسى بولدى.
بىزدە يوق بۈگۈن
تەلمۈرۈپ تۇرۇش،
ھەممە ئىجاتچان،
تىرىشچان،
باتۇر گىراژدان.
بىزدە بار
تالاي پەرھاتلار،
مەغرۇر باش كوتەرگەن
ئىگىز تاغلارنى غەيرەت بىلەن يارغان!.
بىزدە يوق
مىللەت، جىنىس ئايرىش،
ئىشەنسەڭ دوستۇم،
ئىشەنچىم كامىل!
چۈنكى يولباشچى —
كومپارتىيىمىز
پارلاق بەختىمىزگە ھەرقاچان كېپىل!

* * *



خوش
ئەمدى ئۆتكەن يىل
سوغاڭ ئاز بولمىدى
دوستلارغا، بىزگە.
مېڭئۆەر
ئۆز يولۇڭنى،
(بىخارامان ئايلىنىپ)
بىزمۇ شۇك تۇرمايمىز،
زور ئىش بىلەن ئۈستىڭگە مىنىپ،
يېتىمىز كەلگۈسى
غالىپ نىشانغا.
خەير-خوش،
ئۇزاتتۇق سېنى،
ئورغاندا سائەت دەل ئون ئىككىنى!
قېنى، قۇي دوستۇم!
تولسۇن قەدەھ!
ئىچەيلى خوشال
غەلىبە شارابىنى!

1956 - يىل قەشقەر.

# گۈلدەستە قويدۇم

ئۇت يۈرەك ياشلار ئىدۇق بىز ئات چېپىپ ئويناۋاتقان،
تۇن-كېچىلەر ئۇخلىماستىن ناخشىلار كۈيلەيدىغان،
بەزى كۈندە باغنى كوزلەپ شورىلار بويلايدىغان،
چىن مۇھەببەت قايىنمىدا يار ئۈچۈن ئويلايدىغان،
بىز ئىدۇق ۋىجدان ئۈچۈن ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان،
بىر نىشانچۈن جەڭ قىلىشتا تاغ ئىدۇق كوچمەيدىغان.

قوش ئىدۇق، جانداش ئىدۇق-قانداش ئىدۇق، سەپداش ئىدۇق،
باغرى تاش يىللارغا قارشى تۇف! دىدۇق، لەنەت دىدۇق،
باغدا ئوسكەن لالىگۈلنى كوزىمىزدەك ئاسرىدۇق،
گۈلنى سۇلدۇرماسقا دائىم بەلنى مەھكەم باغلىدۇق،
ئوت بولۇپ ئىزلار چۇشۇردۇق، ياۋ دىلىنى داغلىدۇق،
گاڭ كەبى ئوتكۇر قىلىچتۇق ياۋغا تىز پۈكمەيدىغان.

قامچىلاپ باشىمىز، ئاياقسىز تۇل غېرىپ سەرسانلىنى،
ئايرىدى شۇمقۇش ياۋۇزلار كوپلىگەن مەرت-جانلىنى،



قۇش كەبى سالدى قەپەزگە بىگۇنا ئىنسانلىنى،
قان بىلەن ئويناشتى بەدبەخ، ئولتۇرۇپ پالۋانلىنى،
توغرىدى جادۇ بىلەن كۈرمىڭ قىزۇ-ئوغلانلىنى،
سەن ئىدىڭ شۇنداق كۈرەشتە ھېچ بويۇن ئەگمەيدىغان.

قان ئىچەر سۇتخور ئولۇمتۇك جادۇلارنى راسلىدى،
شۇلگىيى تامغان ئىتتەك ھەر تەرەپكە چاپچىدى،
ئوزلىرىچە چوڭ يۈرەك بوپ بەلگە تاسما باغلىدى،
ياش تۇرۇپ كەتتىڭ مۇتەللىپ، يۈرىگىڭنى داغلىدى،
ئىنتىقام! دەپ دوستلۇرۇڭ كوكرەك كېرىپ جەڭ باشلىدى،
ئوتلۇرۇڭ قالدى يۈرەكتە مەڭگۈلۈك ئوچمەيدىغان.

مەن كېزىپ چول-دەشتلەرنى ياد ئېتىپ كەلدىم سېنى،
قورغۇشۇن ئېرىتمىسىدەك ساڭگىلاپ يۈرەك تېگى،
كوز يېشىم مۇنچاق قاتارى ئەسلىدىم ئوت چاغلىنى،
ياۋغا نەپرەت، دوستقا ھورمەت قورشۋالدى زەپ مېنى،
ياش توكۈپ قويدۇم يۈرەكتىن قەۋرىڭگە گۈلدەستىنى،
قالدى نامىڭ تارىخ ئۈزرە ھېچقاچان ئولمەيدىغان.

سوز تىزىپ تۈزدۇم قوشاقلار ساڭا، قاينام ئوركىشىم،
ئۇ زامان ھەم بۇ زاماندا بىللە بولغاچ مۇڭدىشىم،
دات ئەمەس، نام قالدى سەندىن خەلققە ھەمرا سىردىشىم،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەن ئۈمىت قىلغان زامانە گۈلگە تولدى سەپدىشىم،
تۈندە ئىگراپ زارلىغانلار ئەمدى ھور، چىن يولدىشىم،
تۈرنىدى ئىشقىڭ دىلىمغا تا ئەبەت كەتمەيدىغان.

1957 ـ يىل ئۈرۈمچى.

## يېشىل بوستان

ـــ ئاقسۇ "قارا يۇلغۇن" دېخانچىلىق مەيدانىغا بېغىشلاپ.

قۇلۇغۇمدىن ھۇشتەك چېلىپ ئۆتتۈشەتتى،
ماڭا تونۇش تاغ باغرىنىڭ شامالىرى.
تۇيۇقسىزدىن دىققىتىمنى بولۇۋەتتى،
"قارا" دېگەن دوستلۇرۇمنىڭ پاراڭلىرى.

كوزۇم چۈشتى يىراقتىكى مايسىزارغا،
كىلەم ئوخشاش تاۋلىناتتى چەكسىز ئېتىز.
قارىغانچە زوقۇم كېلىپ تىكىلەتتىم،
رەڭدار ئىدى دولقۇن ياساپ كەتكەن دېڭىز.

ھەۋەس بىلەن مەيلىم بېرىپ سىنچىلىدىم،
يىراقلاردا ئۈملەتتى ئالا ـ بۇلا.



بىلدىمكى، ئۇ كورۈنگەنلەر ـــ پولات ئاتكەن،
ماي پۇرقۇتۇپ، يۈرىيدىكەن تاغ باغرىدا.

گاھ ئۇ ياققا، گاھ بۇ ياققا ئايلىناتتى،
گۈكىرىشىپ، سايراپ راسا چول بۇلبۇلى.
كورۈپ قالدىم ئاخىرقى دەم چېكىسىدە ـــ
ئولتۇراتتى، تەرگە چومگەن ئۇنىڭ گولى.

يەنە قانچە باتۇر ئادەم قولى بىلەن
بۈگۈن مانا بىنا بوپتۇ يېشىل بوستان.
ناخشا بىلەن ئېقىشاتتى شاۋقۇن سىلىپ،
چولنى بوستان قىلغان جۇشقۇن كۈمۈش دوستان.

ياش بوستانغا يوشۇرۇنغان ئاپپاق ئويلەر
كوزلىرىمگە شەھەرلەرنى كورسىتەتتى.
ھەر تەرەپكە چېچىش كەتكەن سىم تورلىرى
كەلگۈسىنىڭ چىرىغىنى ئەسلىتەتتى.

قاچانلاردۇر، بىر ۋاقىتتا ئوتكەن ئىدىم،
مۇشۇ جايدىن ئوقۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە.
نۇرغۇن ئىدى قۇرۇق ـ قاخشال بىسىلغاقلار،
يانا شۇنداق تولغان ئىدى يۇلغۇنچىگە.

ئىككى يېقى تاقىرۋاش تاغ ئىدى چوللۇك،
يولۇچىلار تامچە سۇغا بەك زار ئىدى.
ماڭغانسېرى ۋىلىلدايتتى قاقاس ئاپتاپ،
يۇلغۇنلارغا ياۋا كىيىك ھەمرا ئىدى.

شۇنچە چولنى گۈزەل باققا ئايلاندۇرغان—
ئۇيغۇر، خەنزۇ ئەمگەكچىنىڭ توككەن تېرى.
يېشىل بوستان—ھەقىقەتنىڭ سىمۋولى ئۇ،
مېھنەت بىلەن كوكەرمەكتە شىنجياڭ يېرى!

1957 ـ يىل، قەشقەر ـ ئاقسۇ.

## قىزىلگۇل

قارا قۇمچاق كوزلىرىڭنى ئوينىتىپ،
مەن تەرەپكە ھەر تاڭدا قارايدىغانسەن.
گۈزەل چاڭجياڭ بويلىرىدا قۇندۇزدەك—
چاچلىرىڭنى كۇلۇپ تارايدىغانسەن.

مەنمۇ سېنى ئۇنۇتمىدىم—يادىمدا،
بىر شاختىكى قوش ئالمىدەك يۇرگەن چاغ.



گۇل تاللىشىپ، گۇلدەستىلەر تىزىشىپ،
قولتۇقلىشىپ كوكۇل ئاچقان گۈزەل باغ.

باشقا تىلدا سوزلەشسەكمۇ سەن بىلەن،
يۇرىگىمىز بىر بىرىنى بىلەتتى.
يېقىن تۇرۇپ ئۇچۇملىشىپ سۇ ئىچسەك،
قەلبىمىزمۇ تولۇن ئايدەك كۇلەتتى.

چاڭجياڭ بويى ئىدى رەڭدار چىمەنلىك،
خۇشخۇي پۇراق دىماقلارغا ئۇراتتى.
بىز ئىككىمىز ئويناشقاندا، دوستلۇرۇم—
تەبەسسۇمدە مەغرۇر قاراپ تۇراتتى.

تاڭ سەھەردە خورازلارمۇ چىللىشىپ،
قىچقارغاندا سەن ئويقۇمدىن ئويغاتتىڭ.
كوزۇم ئېچىپ تۇرسام شۇ چاغ ئورنۇمدىن،
قولۇڭدىكى قىزىلگۇلنى ئۇزاتتىڭ.

رەخمەت! دىدىم، گۇلنى ئالدىم قولۇڭدىن،
"لاپلا" قىلىپ ئوت تۇتاشتى يۇزۇمگە.
شۇندا بىلدىم: ئايرىلىشكەن سېنىڭدىن،
ئىككى تامچە ياش توختىدى كوزۇمگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئانچە ئۇتمەي سىگنال بەردى پويىزمۇ،
مېڭ تەسلىكتە ئايرىلدىممەن يېنىڭدىن.
سوغا ئالدىم قىزىلگۈلنى سۇ جىنخۇا،
چوڭقۇر ئورۇن ئالدىڭ مېنىڭ دىلىمدىن.

1957 ـ يىل قەشقەر.

## چېلىشچان يىللار

قېرىپ قاپسەن دەپ،
تېلىپ قاپسەن دەپ،
قىلما ئەندىشە، كۆڭلۈمدە باھار.
تال ـ تال ئاقارغان،
دەرتتە سارغايغان
چېچىمغا قاراپ سۇرمىگىن خىيال.
قارا يىللارنىڭ،
مۇدھىش ئايلارنىڭ
ئىغىرلىغىنى كوتەرگەن باش بۇ!
قىستاڭ كۈنلەرنىڭ،
رەزىل تۈنلەرنىڭ
مۇشەققىتىدىن ئاقارغان چاچ بۇ!



رەھىمسىز خانلار،
بەگۇ ـ خاقانلار
زۇلمى ئاستىدا مۈكچەيگەن بەللەر.
يوقسۇزچىلىقتىن،
ئىلاجى يوقتىن
خارۇ ـ زار بولۇپ سۇنغان بۇ دىللەر.
بىزنى ياقلىغان،
باينى ياتلىغان
بىركۈن ئۇتمىگەن تارىختا تۈزۈك.
ئۇچىدا ماتا،
قولدا كوك خالتا،
ئۇتكەن كۈنىمىز ـــ دىلىمىز ئۈزۈك.
بايلار پايدىدا،
بىزلەر دالدىدا،
يەلكىنى باسقان چوڭ قورام تاشلار.
تۇتۇپ ئوغرىنى،
ئېيتساق توغرىنى،
دەرھال كېسىلگەن گۇناسىز باشلار.
قاراپ تۇرمىدۇق،
كۈتۈپ ياتمىدۇق،
پىرلەر ئويناپ زامان دېپىغا.
قايناما چۇشتۇق،

بوراندەك ئۇچتۇق،
كۈرەشلەر قىلىپ بايلار زىتىغا.
جەڭدە بىزگە باش،
ئۇلتۇرماس قۇياش،
بولدى قۇدرەتلىك غالىپ كۈڭچەنداڭ.
قانلارنى كېچىپ،
داغدام يول ئېچىپ،
يورۇتتۇق مەڭگۈ نۇرلۇق قىزىل تاڭ.
دىللەر بولدى شات،
بەختىمىز قات-قات،
زامان بىزلەرگە ئاچتى گۈل چىراي.
ھەيران قالغۇدەك،
كوزلەر تالغۇدەك،
ئۆزگىرىش قىلدۇق ۋەتەنىدە ئايھاي!...
ئىگە بوپ يەرگە،
ئەجرىگە-تەرگە،
سوققىلار بەردۇق زالىم بايلارغا.
قىرلارنى قاشلاپ،
سۇلارنى باشلاپ،
گۈللەر تېرىدۇق قېقىر سايلارغا.
بولدى ئۈم ھايات،
چىقاردۇق قانات،



نى-نى ئىشلارغا يەتتى چامىمىز.
تۇرمۇش باياشات،
خۇددى قەن-ناۋات،
گۈل-چېچەك ئاچتى ئارزۇ-غايىمىز.
تۆگەپ ئىللەتلەر.
بارچە مىللەتلەر
بولدۇق ئۇيۇلتاش—ئىجىل ھەم ئىناق.
ئىلمى-ھىكمەتنىڭ،
يېڭى خىسلەتنىڭ
دەۋرى باشلاندى ئاجايىپ پارلاق.
بولغاچ شىجائەت،
قۇردۇق سانائەت،
گۈدۈك ئاۋازى قۇچتى ئاسماننى.
ئېلېكتىر ياندى،
جىن چىراق چاندى،
نۇرلار قاپلىدى شەھەر، بوستاننى.
ۋەتىنىم بوستان،
كوركەم گۈلىستان
بولدى خەلقىمنىڭ مېھنەت تېرىدىن.
بۇلبۇللار سايراپ،
ئازادە يايراپ،
بولدى مىڭ رازى شەرق بېغىدىن......

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىللارنى ئاتلاپ،
غەلبىنى ساقلاپ،
تۇردۇق بولەكتىن مۇستەھكەم بىلەك.
يېڭى سەپەرگە،
ئالى زەپەرگە
يېتىشمەك بىزنىڭ ئاخىرقى تىلەك.
چېلىش يىللىرى،
يېڭىش ئايلىرى
تېخى ئالدىدا، ئاشىمىز داۋان.
كوممۇنىزىمنى،
گۈزەل گۈلشەننى،
قۇرىمىز ئاخىر، قۇرىمىز ھامان!

1958 ـ يىل قەشقەر.

# قۇياش بالىلىرى

— جۇڭگو ئالپىنىسلىرىغا بېغىشلاپ.

غالىپلار يۇرتىنىڭ
شانلىق قوشۇنى
تەبىەت ئۈستىگە



باشلىدى ھۇجۇم.
دېدىكى قىزىل سەپ
بىر نىيەت بىلەن:
"ئىگىز تاغ بىزلەرگە
باش ئىگەر چوقۇم."
شوتىسىز ئۆگزىگە
باسقاندا قەدەم،
يەر تىترەپ،
تەبىەت ۋەھىمگە چۈشتى.
توسۇقلار داۋىنى
يېڭىلگەچ ھەردەم،
بەش يۇلتۇز قىزىل تۇغ
پەلەكتە ئۇچتى.
"دۇنيانىڭ ئۆگزىسى"
باش ئەگدى شۇ چاغ،
قىزىل تۇغ نۇرىدىن
ۋۇجۇدى ئىسسىپ.
ۋەتەننىڭ دۈشمىنى
قالدى ھاڭ ـ تاڭدا،
كوزلىرى چەكچىيىپ،
بېشىمۇ قىزىپ.
قۇياشقا ياماشتى

دوستلار ئالقىشى،
گوياكى سەل بولۇپ
قىرغاقتىن تېشىپ.
سىلەرگە تەشەككۇر
دىدۇق مەغرۇر-شات،
مېھرىمىز كەلكۈنى
تاغلاردىن ئېشىپ.
مۇبارەك غەلىبەڭلار،
مۇبارەك بىزدىن،
يۈكسىلىش دەۋرىنىڭ
باتۇر قىزلىرى!
پارتىيە قەلبىدىن
نۇر ئېمىپ ئۆسكەن،
قەلبى چوغ-ئوت يۈرەك
قۇياش باللىرى!

1960-يىل قەشقەر.



# ئېتىز ناخشىلىرى

"گۈگۈشىمىز ئىسىل باغدۇر،
مۇۋىسى ھەسەل، ياغدۇر.
ئىشلەيلى چېلىشچانلار،
بۇ ئىشلەيدىغان چاغدۇر."
(خەلق قوشىغى)

## يۇلتۇز دىسەم

سەھەر ئىدى قۇياش يېڭى يۈز ئاچقان،
بارار ئىدىم ئېتىز-ئېرىق بويلىشىپ.
ئوتلۇق يۈرەك ئوينار ئىدى شاتلىقتىن،
گۈگۈشىچىلار ئىش قىزىتقان توپلىشىپ.

كەڭ ئېتىزغا كوك داستىخان يېيىلغان،
گۈلى گويا كوكتە يانغان يۇلتۇزدەك.
ئىش قىزىشقان يۇلتۇزچى قىز-جۇۋانلار،
ئانار يۈزلىك، چېچى خۇددى قۇندۇزدەك.

www.uyghurkitap.com

يۇلتۇز دىسەم، كۆكتە ئەمەس، يەردىكەن،
كوزنى چېقىپ چاراقلىغان يۇلتۇزلار.
ياق،
يۇلتۇز دىگەن يەردە ئەمەس،
كۆكتىغۇ؟
ئاق ئالتۇنكەن قىزلار تەرگەن يۇلتۇزلار...

**سىيالكا**

توت تورۇق ئات ماڭار ئىدى بىر تەكشى،
گاھى ـ گاھى سىلكىپ سالما بېشىنى.
قىردىن ھالقىپ باستى يىگىت شاققىدە،
ئۇرۇق سالغۇچ سىيالكىنىڭ چىشىنى.

قاتار كەتكەن تەخسلەرنىڭ ئىچىدىن
چۇشەر ئىدى ئۇرۇق رەتلىك تىزىلىپ.
ئوخشاپ قالدى ۋاقىت ئوتمەي ئىتىزلار،
دەپتەر ئوخشاش بىر چىرايلىق سىزىلىپ.

1961 ـ يىل قەشقەر.



# ۋەتەن ھەققىدە قوشاق

(مۇستەھزات)

كوزۇم ياشلىق تۇغۇلدۇممەن رىيازەتلىك قارا تۇندە،
يېزامنى قورشىغان نالە.
قۇياشنى كورمىدى ياشلىق سىيادەك قاپ ـ قارا تۇندە،
دىللاردا يىغا ـ زارە.
ھاياتىم ئوتتى لاي سۇدەك غازاڭدەك پۇلۇشۇپ ھەريان،
ھوكۇم سۇرگەن ياۋۇز ئىتلار.
ئەگەر چىقساق "ئازاتلىق" دەپ قىلىشتى يالماۋۇز ۋەيران،
يوللارغا توسۇپ چىتلار.
يۇرەكتە ئوچمىدى ۋولقان لاۋۇلداپ ياندى ھەرياندا،
ئازاتلىققا يۇرەك تەشنا.
غەزەپلەر ياسىدى دولقۇن تومۇردا قىپ ـ قىزىل قاندا،
كۇرەشكە بىز ھامان ئاشنا.
ئۇيۇشتۇق چىڭ پولات سەپكە شەرقتە ئاقكوڭۇل ئىنسان،
مەقسەت بىر، نىشان روشەن.
دىمەك، بوخەي كوتەردى زور زۇلۇمغا قارشى جەڭ ـ ئىسيان،
ياراتماق ھور ـ ئازات گۇلشەن.

* * *

قۇياش چىقتى شەرق ياقتىن، قىزىللىق قاپلىدى ئەلنى،
مىسكىن دىل ھوزۇرلاندى.
دۇرۇس تۇتتۇق تەبەسسۇمدە ئېگىلگەن شۇ غېرىپ بەلنى،
بەخت ماڭلايدا پارلاندى.
ئۇلۇغ جۇڭخۇا — گۇزەل يۇرتۇم كوتەردى قەددىنى تاڭدا،
ئازات دەۋرىم ئىسىل تاڭدا.
بەختكە چىرمىشىپ ئوستۇق ياشارغان - گۇللىگەن باغدا،
ماركسىنىڭ قىزىل ئاڭدا.
ئۇتۇقلارغا قىياس ئەيلەپ ئالتۇندىن مۇنار قىلسام،
تەڭ كەلمەس ئۇتۇقلارغا.
سېنى كۇيلەپ ۋەتەن جانىم، خەزىنەمدىن گوھەر قازسام،
تەرىپىڭ قوشاقلارغا؛
قەلەم ئاجىز، تۇگىمەيدۇ — ھىساپسىزدۇر سېنىڭ ئەجرىڭ،
ئانام سەن ئى ۋەتەن - جانان.
يۇرەكتە چىن قارارىم بار، ئورۇنلاشقا سېنىڭ قەرزىڭ،
سېنىڭ ئۇچۇن پىدادۇر جان.
بۇگۇن تويىكى، سېنىڭ كوركەم جامالىڭغا قۇياش باققان،
تىزدىم دەستە گۇللارنى.
پارتىيەم ئۇلۇغ مېھرى سېنىڭ باغرىڭدا شوخ ئاققان،
يازدىم بۇ قوشاقلارنى!

1961 - يىل قەشقەر.



# باھاردىكى قايناق چاغ

گۇللۇك رومال ئارتىشتى
ئالما، ئۇرۇك، شاپتۇلا.
قىرغاۋۇلنىڭ بويندەك،
زەپمۇ كوركەم كەڭ دالا.

دېڭىز ئوخشاش مايسلار
دولقۇنلىشار يەلپۇنۇپ.
ئوتاقچىلار ياراشقان،
گويا قىزىلگۇل بولۇپ.

ھارام ئوتتىن قۇتۇلغان،
مايسا كۇلۇپ قارايدۇ.
كۇمۇش سۇدا يۇز يۇيۇپ،
چاچلىرىنى تارايدۇ.

ھەر تۇپ مايسا تۇۋۇدىن
قۇياش نۇرى مارايدۇ.

ئېتىز گۈلى ئىشچانغا،
(گۈل ئاشىقى بۇلبۇللار)،
زوقى كېلىپ قارايدۇ.

زوقلانمىسۇن قاي يۈرەك،
ئىلھام ئېلىپ قىزلاردىن؟
كەڭ ئېتىزغا گۈل باسقان،
چېكىم-چېكىم ئىزلاردىن؟

باھاردىكى قايناق چاغ،
دىلدا ئىز بوپ قالامدۇ؟
سۇ كوپەيسە دېڭىزدا،
كېمە ئۇرلەپ بارامدۇ؟

1962-يىل قەشقەر.

## گۈل تۇتىمەن

(پىئونېرنىڭ تىلىدىن)

ئېرىق چاپتىم چىرايلىق،
باغچامغا سۇ ئاچىمەن.



ئوغۇت بېرىپ قانغىچە،
ئۇرۇق خىللاپ چاچىمەن.

پەرۋىش قىلىپ گۈللەرنى،
ئۇستۇرىمەن تەپ-تەكشى.
ئاسراپ توپا-توزاڭدىن،
ئېچىلدۇرىمەن بەك ياخشى.

گۈلدەستىلەر تۇتىمەن
ئىشچى، دېخان تاغامغا؛
تەر ئاققۇزۇپ ماڭلايدىن
ئىشتىن ھېرىپ يانغانغا.

1962-يىل قەشقەر.

## گۇڭشېدا مېنىڭ يايرىم

(قىز ناخشىسى)

ئاسماندا مېنىڭ ئايىم،
گۈلزاردا ئېزىز جايىم.
ئىشلەپ زادى ھارمايدۇ،
گۇڭشېدا مېنىڭ يايرىم.

ئۇشقا قىزغىن ئاتلانغان،
ئۇشتا پىشىپ تاۋلانغان؛
مەن سۆيىمەن شۇ يارنى،
گاڭ ـ پولاتقا ئايلانغان.

ئۇشتا ھارماس دۇلدۇلدەك،
ناخشا ئېيتسا بۇلبۇلدەك؛
يۈرىكىمدە دائىم ئۇ،
ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك.

يار دىگەن شۇنداق بولسا،
كوكۆل تاغدەك ئۆسمەمدۇ؟
ئاي يۈزلۈك چىۋەر قىزلار
شۇنداق يارنى سۆيمەمدۇ؟!

1962 ـ يىل قەشقەر.

## ۋەتىنىم سۆيىمەن سىنى قەلبىمدىن

ۋەتىنىم ئەلادۇر، بەخت ئەلادۇر،
ۋەتەننى سۆيمەكلىك شەرەپ مەن ئۈچۈن.



جىمىكى ۋەسلىمدىن كىچىمەن ھەر چاغ،
ئەي ئېزىز تۇپرىغىم پەقەت سەن ئۈچۈن.

چۈنكى مەن قوينۇڭدا تېپىپ بەختىمنى،
قارىغايدەك بەرق ئۇرۇپ ياشىرىپ ئۆستۈم.
پارتىيە مېھرىدىن تېپىپ ئەقلىمنى،
ياشلىغىم باھارىدا قۇۋۋەتكە توشتۇم.

مېھرىۋان ئانامسەن ئالتۇن بوشىگىم،
قىپ ـ قىزىل كىندىك قان ساڭا توكۈلگەن.
قانچە مەرت ئاتىلار قانلىق كۆرەشتە
سەن ئۈچۈن جان بېرىپ، ساڭا كومۇلگەن.

"ئاتا ئۈدۈمىنى ئالدۇ ئوغۇل"،
مەن ئۈچۈن قىممەتتۇر سەندىكى گىيا.
ئىنقىلاپ يولىدىن بارىمەن مەڭگۈ،
بىر چىمدىم تۇپرىغىڭ كوزگە تۇتىيا.

ئەي ئۇلۇغ ۋەتىنىم —
جۇڭخۇا زىمىنى،
سۆيىمەن بىر ئومۇر سىنى قەلبىمدىن.
ھاياتتا جان بولماي كوكەرمەس ئومۇر،
كىچىمەن سەن ئۈچۈن شۇ ئېزىز جاندىن!

1962 ـ يىل قەشقەر.

# كۈز كۈنلىرى

جىلۋە قىلار سەھەر كۈنىنىڭ ئىللىق نۇرى
كۈمۈش قىرو قونغان ئالتۇن ياپراقلاردا.
مېھنەت تېرى جۇلالىنىپ پاقىرايدۇ
(كۈن نۇرىدا) پاختا، تېرىق، قوناقلاردا.

ئېتىز گويا سەنئەتچىنىڭ كەڭ سەھنىسى،
زوق-شوق بىلەن ئىش قىزىتقان ئوغۇل-قىزلار.
قايسىبىرى ناخشا ئېيتسا چاڭ كەلتۈرۈپ،
قايسىبىرى ئوغىدا چالار سازلار.

ئەتلەس كوينەك خوپ ياراشقان قامىتىگە،
ئېتىگە ئاپپاق بۇلۇت يىغار قىزلار.
ئاق قوناقتىن كۈمۈش تاغنى ياساپ دىخان،
ھەسەن-ھۈسەن شوتىسىغا سالدى ئىزلار.

قانچە ھارۋا بۇلۇتقا تەڭ سورەپ بارار
خامانلارغا مول ھوسۇلنىڭ تاغلىرىنى.



دىخان بىلىپ ئىشلىمەكتە بەكمۇ قىممەت
كۈز پەسلىنىڭ ھەر مىنۇتى-چاغلىرىنى!

1962-يىل قەشقەر.

## ئويۇنچۇق

(بىر بالىنىڭ تىلىدىن)

ئويۇمدە بار ئويۇنچۇق،
كوڭلى-قانىم تويۇنچۇق،
ماشىنا ھەم تىراموۋاي،
ئۆدەك دىگەن بويۇنچۇق.

ماشىنامنى ھەيدەيمەن،
شوپۇر بولۇپ ئوينايمەن.
تىراموۋايغا مىنگىشىپ،
كوچىلاردا سويلايمەن.

ئۆدەك ماڭار غاقىلداپ،
بويۇن سوزۇپ تاقىلداپ،



www.uyghurkitap.com

تەڭكەش بولۇپ سايرايدۇ
قولۇمدىكى شاقىلداق.

ئىشچى ئاكام — جان ئاكام،
موسكۇللىرى گاڭ ئاكام،
قولى ئالتۇن، ھۇنەر كوپ،
بەختىم سەندە جان ئاكام.

1962 ـ يىل قەشقەر.

## لېي فېڭغا مەدھىيە

ھاياتىنى مەنىلىك ئوتكۇزۇش ئەۋزەل،
تامچە سۇ دېڭىزدا تاپىدۇ قۇدرەت.
ياشلىقتا ھاياتقا نەقىشلەر ئويساڭ،
ئەۋلاتلار سېنىڭدىن ئالىدۇ لەززەت.

قەلبىمدە ياشلىقنىڭ ئۇلگىسى لېي فېڭ،
دات باسماس ئالتۇندەك ياشايدۇ ئەبەت.
پارتىيەم باشلىغان شانلىق كۇرەشتە،
نەمۇنەم ـ ئۇلگەم ئۇ، نەپەسداش پەقەت.



نى جاپا ـ مۇشكۇلنى يېڭىپ ئۇگەنگەن،
پارتىيە ئوغلى ئۇ، جەڭگىۋار يولداش.
ئۇ، مەڭگۇ توختىماس دولقۇنلۇق ئېقىم،
خەلققە قولى گۇل، مېھرىۋان قولداش!

ئۇ، دەۋر چولپىنى — يېنىپ تۇرغان ئوت،
قەلبىنى پارتىيەم نۇرى ياندۇرغان.
ئۇ، ئۇستاز — كۇر مىڭلاپ قىزىلگۇللەرنىڭ،
ئۇمىتۋار قەلبىنى نۇرغا تولدۇرغان.

ئۇ، مەڭگۇ ياشلىقنىڭ نادىر ئۇلگىسى،
دەۋرىمىز روھىنى قەلبىگە تاڭغان.
ساپ قېنى دۇڭ سۇنرۇي قېنىغا رەڭداش،
ۋەتەنچۇن قىزىل سەپ ئالدىدا ماڭغان.

* * *

قەلبىمدە سەن ھامان، ئەي جەسۇر لېي فېڭ،
دات باسماس ئالتۇندەك ياشايسەن ئەبەت.
پارتىيەم باشلىغان شانلىق كۇرەشتە،
نەمۇنەم ـ ئۇلگەمسەن، نەپەسداش پەقەت!

1963 ـ يىل قەشقەر.

# يېڭى يىل كېچىلىرى

1

يېڭى يىل كېچىسى شەھەر ئۈيقۇدا،
دىلنى غەش قىلىدۇ تۈن قاراڭغۇسى.
ھېيتكادا ئاسمانغا بويىنىنى سوزۇپ،
تۇرىدۇ جامەنىڭ قوش مۇنارىسى.

مۈكچەيگەن ئۆيلەرمۇ، دۇككانلارمۇ ھەم،
تاملىرى يېرىلغان، تۇرۇشى غەملىك.
جىمجىتلىق بۇزۇلدى، يەڭدەك كوچىدىن —
شۇۋىرغان ھوۋلىدى قايغۇ - ئەلەملىك.

نەدىمەن، نەلەرگە بارىمەن شۇ چاغ،
مۇرەمدىن مازلارنى تارتماقتا شامال.
كوزۇمنىڭ نۇرىمۇ ئۆچەي دەپ قالدى،
تەمشەلدىم تاپماقچۇن جېنىمغا ئامال.



* * *

ئىگرىدى پۇتۇمدا كىچىككىنە قىز،
يۈرىگىم چايقىلىپ يىقىلدىم پەسكە.
كومۇلدى باش - كوزۇم ئاچچىق كۆل بىلەن،
تۇنجۇقتۇم تەشنا بوپ مىنۇت نەپەسكە.

بېشىمنى كوتەردىم، سىلكىندىم، بىراق —
ئەتراپنى قورشىدى قايغۇ - نالىلار...
يالىڭاچ قانچە تەن تىكىلدى شۇ چاغ،
چىشلىرى كىرىشكەن، باغرى پارىلار...

— كىم ئوزۇڭ، كېچىمۇ ئارام بەرمىگەن،
ياتقىلى مىسكىنگە پاخال كۆلدە؟
ۋە ياكى مۇزلاپلا ئولۇشسۇن دەمسەن،
ماكانىمىز، قار - جۇتلۇق قىشنىڭ كۈنىدە؟

— ياق، بۇ مەن دوستلۇرۇم، سىلەردەك غېرىپ،
زۇلۇمنىڭ دەستىدىن باغرى تىلىنغان.
پومىششىك، يۇرت چوڭى — بايلار قەستىدىن،
ماكانى، يۇرتىدىن سەرسان قىلىنغان...



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

...يېڭى يىل كېچىسى ئۆتتى قايغۇلۇق،
(ئاشۇنداق ئۆتكۈزگەن كېچىلەرمۇ جىق).
ياشلىقنىڭ گۈلىنى ئوتتا كۆيدۈرگەن،
شۇم ئۆتمۈش بوپ قالدى يۈرەكلەردە زىنخ!

## 2

يېڭى يىل كېچىسى، ھەممە ياق ئويغاق،
يۈرىكىم شاتلىقتىن دولقۇن ئاتىدۇ.
قۇياشلىق دەۋرىنىڭ ئازات ئوغلىمەن،
ھە، بۈگۈن قەلبىمگە دەريا پاتىدۇ.

خىيالىم ئەڭ يۈكسەك ئۈمىتلەر بىلەن،
ئۇن بەشىنچى باھاردا قانات قاقىدۇ.
داپ، سۇناي... ياڭرىغان بىزنىڭ كوچىغا،
ئېخ، بۈگۈن كوكتە ئاي كۈلۈپ باقىدۇ!

يۇلتۇزلار يەر ئۈزرە مېھمان بولغاندەك،
ۋاللىداپ يېنىشقان رەڭگا-رەڭ چىراق.
ئاقماقتا ھەر تامان ئادەم دېڭىزى،
لېۋىدە تەبەسسۇم، قايغۇدىن يىراق.



قولۇمدا راۋابىم شوخ جاراڭلايدۇ،
بەختىمدىن توۋلايمەن ئوتلۇق قوشاقلار:
"يوقسۇللار ئاتىسى ئۇلۇغ پارتىيەم،
مىليونلار قەلبىدىن ساڭا ھەشقاللا!"

ئۆتمەكتە مەيىن بىر شامال شۇۋىرلاپ،
يېقىملىق خۇش خەۋەر بېرىپ قۇلاققا.
خۇاڭخېدىن، چاڭجياڭدىن، تارىمدىن ئەنە،
غەلىبىلەر مارشىنى ئوقۇيدۇ لابا.

* * *

ئازادە ياسالغان زاۋۇتنىڭ زېلى،
ياڭرايدۇ ھەر ياندىن غەلىبىلىك چۇقان.
ئۇن ئىككى بولغاندا سائەتنىڭ مىلى،
يېقىلدى يۈرەككە يېڭىچە گۈلخان!

"باشلىغىن ناخشاڭنى، باشلىغىن دوستۇم،
غەلىبىلىك يىللارنى ئۇزىتايلى بىز.
بۇ يىلمۇ غەلىبىدىن ئالتۇن تاغ ياساپ،
ھور ئانا—جۇڭگونى گۈللىتايلى بىز".

كوكسۇمدە يالتىرار غەلىبە مېدىلى،
يىللارغا ئارتىلغان ئىش تامغىسى بۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەي يىللار، بۇرۇنقى غېرىپ ئۇغۇلنىڭ
كۈرەشچان يىللارغا سوغىسىدۇر بۇ!

قولۇمدا راۋابىم شوخ جاراڭلايدۇ،
چېلىشچان يىللارنىڭ باتۇر ئوغلىمەن.
غۇربەتلىك يىللارغا بەردىم خاتىمە،
بەختىيار دەۋرىمنىڭ قىزىلگۈلىمەن!

1963 ـ يىل قەشقەر.

## گۈل دەيمىسكىن قىزىمنى

مېنىڭ قىزىم گۈلباھار،
كۈزدە كىرگەن ئوقۇشقا.
بىلىم كانى مەكتەپتە
پەن سىرىنى ئېچىشقا.

ئوقۇش، ئەخلاق، تۈزۈمدە
پات ئۇسۇپتۇ ئۈلگۈيۈپ.
كىرىپ كەلدى بۈگۈن كەچ،
بولەكچىلا خوش بولۇپ.



بوينىدىكى گالىستۇك
زەپ ياراشقان ھوسنىگە.
بولۇپ قاپتۇ پىئونېر،
گۈلمۇ تاقاپ كوكسىگە.

"ياشا!" دىدىم، زوقلىنىپ،
توختىتالماي ئۆزەمنى.
دەۋرىمىزدە ئېچىلغان
گۈل دەيمىكىن قىزىمنى؟!

1964 ـ يىل قەشقەر.

## پامىردا توي

1

كوك سۈيگەن مويسىپىت پامىر ئۈستىدە،
تاۋلىنار كوز چېقىپ كۈمۈش كەبى قار.
گاھ ئۇنى بۇلۇتلا ئات قىلىپ مىنىپ،
مامۇقتەك كوكسىنى چوققىغا ياقار.

گاھ، ئالتۇن قۇياشنىڭ زەڭگار نۇرلىرى،
كۈمۈش قار ئۈستىدە ئوينايدۇ ئۇسسۇل.
دەل شۇ چاغ جىلغىلار باغرىغا پاتماي
ئاقىدۇ زۇمرەت سۇ يايلاققا ئۇدۇل.

يىگىتلەر مال باقار ناخشىسى ياڭراق،
ناخشىدا بەختىنىڭ ئەكسى نامايان.
پارتىيە شەنىگە ئاتالغان بارى،
جاراڭلار كوك سۈيۈپ، جاراڭلار ھامان.

سىغىنچى قىزلارنىڭ بويىندا سافس[1]،
چېكىسىدە پاقىرار ئالتۇندىن گى ھۆر.[2]
ھەممىنىڭ ئاستىدا چاپچىيدۇ دۇلدۇل،
نىشانغا ئۇچماقتا، تاغ كەبى مەغرۇر.

2

ئاھ، ئوتمۇش! تاجىكنىڭ قەددى ـ قامىتى،
زۇلۇمنىڭ دەستىدىن يەرگە ئېگىلگەن.
ساناقسىز جەسۇران ئوغۇل ـ قىزلارغا
بىگۇنا ئۇلۇمنىڭ تونى تىكىلگەن.



تاش قازان ئاستىغا غارشلار قالاپ[3]،
چاللار ھەم مومايلار بولغانتى قاخشال.
جىرالار ئوي ـ ماكان، تاغلار سىرداشتۇر،
تەنلەرنى چاياندەك چاقاتتى شامال.

نەچچە مىڭ قويلارنى باققان پادىچى،
ئۆمرىدە قوزىغا زار بولۇپ ئۆتكەن.
خوجايىن كىكەرسە تويۇپ سېرىق ماي،
يوقسۇللار لەۋ چىشلەپ ئەلەملەر يۇتقان.

ياش ئوسمۇر باللار قالغانتى نادان،
ئۆمرىدە مەكتەپكە كىرىپ ئوقالماي.
قىز ـ يىگىت جۇدالىق ئوتىدا ۋەيران —
بولاتتى ئەركىنچە تۇرمۇش قۇرالماي...

3

كۈن چىقتى شەرقتىن، نۇر چاچتى بالقىپ،
ۋەتەندە پارلىدى مەڭگۈ يورۇق تاڭ.
كوتەردى تاجىكلار قەددىنى شۇ چاغ،
بەختىيار كۈن بەردى ئۇلۇغ گۇڭچەنداڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ كۈننىڭ ھورمىتى ـ شەۋكىتى ئۈچۈن،
چالدىڭسەن نەي بىلەن ئامرىغىڭ داپنى.
شاتلىنىپ قەلبىڭدىن باشلىدىڭ ئوغلاق،
شامالدەك ئۈچتۈڭسەن قامچىلاپ ئاتنى.

پارتىيە كۆرسەتكەن داغدام يول بىلەن،
ئاجايىپ غەلبىلەر ياراتتىڭ تاغدەك.
چارۋىلار يامرىدى بولۇتتا تەككەش،
يايلاقلار زەپ ئىسىل بولدى گۈلباغدەك.

* * *

مىڭ ياشا پارتىيە — تۈمەن مىڭ ياشا،
تويىمىز بەزمىسى قىزار سەن بىلەن.
سەن بىزگە ھاياتلىق بەرگۈچى قۇياش،
غەلبىمىز كۈندىن ـ كۈن ئاشار سەن بىلەن.

1964 ـ يىل تاشقورغان.

ئىزاھلار: ① سافىس — تاجىك قىزلىرىنىڭ بويىنىغا ئاسىدىغان مارجان.
② گى ھۆر — دوپپىنىڭ چىكە ئۈستىگە سالىدىغان زەنجىر.
③ غارش — تىزەكتىن ياسالغان يېقىلغۇ.



# ئاۋانگارت جەڭچى — ۋاڭ جىنشى

ھور، ئۇلۇغ جۇڭگو ئانامنىڭ قەھرىمان ئوغلانىسەن،
قوشۇنىمىزنىڭ ئاۋانگارت تاغ سۈپەت پەلۋانىسەن.

موسكۇلۇڭ گاڭدىن يارالغان بىسى قايرىلماس پىچاق،
تاغ يۈرەك ۋاڭ جىنشى، يۈيگۈڭنىڭ جەسۇر ئەۋلادىسەن.

پارتىيەم ئالتۇن قۇياش ۋەتەنگە نۇرلار چاچقۇچى،
سەن ئاشۇ نۇرغا مۇھەببەت باغلىغان پەرۋانىسەن.

يەر ـ زېمىن، ئاسمان بىلەن، دۈشمەن بىلەن جەڭلەر قىلىپ،
ئەلگە چۆلدىن تۇھپە بەرگۈزگەن قىزىل پەرھادىسەن.

ئەڭ ئۇلۇغ ئىستەكنى قەلبىڭگە يۈكۈپ ساپ تەر توكۈپ،
چۆلدە ئاققۇزغان نېفىتنىڭ باتۇرى ھەمداسىسەن.

كىچە ھەم كۈندۈزدە ئوخشاش بۇرغىدىن كەتمەي نىرى،
تىنك قۇدۇقنىڭ بېشىدا يانغان چىراق ـ چولپانىسەن.

هور ۋەتەننىڭ ئابرويى ـ شەننى قوغداش ئۈشقىدا،
كوكتە پەرۋازلار قىلىپ ئۇچقان ئېلىم تولپارىسەن.

بىر تىنىق قالغاندىمۇ دىلدا ۋەتەننى ئويلىغان،
ئىنقلاپتا توھپىسى زور بىر ئۇلۇغ مەردانىسەن.

گەر بۈگۈن بىزدىن جۇدا بولساڭمۇ توختاپ نەپىسىڭ،
قەلبىمىزنىڭ مەڭگۈ ئوچمەس يانغىنى ـ گۈلخانىسەن.

1972 ـ يىل قەشقەر.

# سالام بوزغۇن

ئەي، بوزغۇننىڭ پەرھات سۈپەت ئوغۇل ـ قىزلىرى،
كۈرەش، ئەمگەك قاينىمىنىڭ پەھلىۋانلىرى،
دەۋرىمىزنىڭ ئىگىلىرى ـ خوجايىنلىرى،
ھورمەت بىلەن سىزگە سالام بېرەي دەپ كەلدىم.

تەر ئاققۇزۇپ سىز ئۇندۇرگەن ھەر تۈپ گىيانى،
قول قاپارتىپ بوستان قىلغان شورتاڭ جىرانى،



كىچىككى چول، بۈگۈن رەڭدار گۈزەل دالانى،
چىن قەلبىمدىن دىلغا تاڭاي، كورەي دەپ كەلدىم.

باتۇر بۈركۈت بولۇپ كوكتە پەرۋاز ئەيلىگەن،
سوتسىيالىزىم يولى بىلەن ئالغا ئورلىگەن،
ئاشلىق، پاختا، مايلىق داننى تاغدەك دوۋلىگەن،
ئىشچانلارنىڭ قوللىرىغا سۆيەي دەپ كەلدىم.

رەت ـ رەت كەتكەن ئەينەك كەبى سالا ئېتىزنى،
دۇخاۋىدەك جۇلالانغان مايسا ـ دېڭىزنى،
شۇ دېڭىزدا ئۈزگەن ئىشچان يىگىت ھەم قىزنى،
ئوتلۇق يۈرەك خاتىرەمگە سىزاي دەپ كەلدىم.

سەندە ئوسكەن باتۇرلارنىڭ شىجائىتىنى،
ھەر يىلى مول ھوسۇل ئالغان كارامىتىنى،
دەۋرىمگە ماس يېڭى يېزا قىياپىتىنى،
چىن قەلبىمدىن ناخشا ئېيتىپ كۈيلەي دەپ كەلدىم.

كومپارتىيە ئىستىلىنى يۈرەككە تېڭىپ،
جياۋ يۈيلۇدەك قەھرىمانلار ئىزىنى بېسىپ،
پۇشقىغىمنى ئىگىز تۈرۈپ لايلارنى كېچىپ،
ئەزالارنىڭ تەربىيىسىنى ئالاي دەپ كەلدىم.

www.uyghurkitap.com

گۈللە بوزغۇن، سان-ساناقسز غەلبىلەر قۇچۇپ،
كوك ئاسماندا قانات قاقىقان بۈركۈتتەك ئۇچۇپ،
ئۇلۇغ ئىقبال كوممۇنىزىم نىشانىن قۇچۇپ،
تەرىپىڭنى داستان قىلىپ يازاي دەپ كەلدىم.

1974 - يىل بوزغۇن.

# جۇمۇلاڭمادىكى قارىغاي
(سېكىل)

**مۇقەددىمە**

قەھرىمانلار قورقمايدۇ بوران-چاپقۇن خەتەردىن،
خەتەرلەرنى يەڭمەستىن سوز ئېچىش تەس زەپەردىن.

قارلىق ئىگىز تاغلاردا ياشنار يېشىل قارىغاي،
جۇدۇن-چاپقۇن، بوراننىڭ سوقۇشىغا قارىماي.

جۇمۇلاڭما قارىغىيى — ۋۇ جىڭيۈي مەرت قەھرىمان،
قەھرىمانلىق ھاياتىنى كەلتۈردى زور شەرەپ-شان.



يازدىم شۇڭا مەدھىيە ۋۇ جىڭيۈيگە بېغىشلاپ،
شۇنىڭ بىلەن ئەسلەيمەن ئۇنى دىلدىن يېنىشلاپ.

## شەرەپلىك يۈرۈش

بۈيرۈق بەردى شەرەپلىك تاققا چىقىش داۋۇپىي،
زەربىدار دۈي ئاتلاندى بەشىنچى ئاي ئىككىسى.

بۇلۇتلارغا مۇكۇنگەن جۇمۇلاڭما چوققىسى،
بەكمۇ دەھشەت، بەكمۇ زور تاغلار ئارا ھەيۋىسى.

ئۈستى قېلىن قار-مۇزلۇق، ئېرىمەيدۇ قىشىن-ياز،
ئوتەلمەيدۇ ئۈستىدىن بۈركۈتمۇ قىلىپ پەرۋاز.

بىراق، باتۇر ۋۇ جىڭيۈي دۈينى باشلاپ باراتتى،
پىسەنت قىلماي جاپاغا دادىل داۋان ئاشاتتى؛

مۇرىسىدىن باسىمۇ ماموق يوتقان-كورپىسى،
سۈرەت ئېلىش ماشىنا، ئوزۇق-تۈلۈك خالتىسى.

شىۋىرغانغا قارشى ئۇ، تاشلار ئىدى قەدەمنى،
ئويلىغاندا كۈچ تېپىپ ئۇلۇغ ئانا ۋەتەننى.

چوڭ بولسمۇ مۇشەققەت بوشاشمايتتى ئۇ پەقەت،
دولقۇنلايتتى قەلبدە ئەل شەنىگە مۇھەببەت.

## چېدىردا

تۇن قاراڭغۇ، تەك كېچە ئىككىنچى بەل چېدىردا،
ھەممە ئارام ئالاتتى تاتلىق ـ شرىن ئۇيقۇدا.

بىراق، دۇيجاڭ ۋۇ جىڭيۇي كورپىسىدە ئولتۇرۇپ،
جىددى پىكىر قىلاتتى دىلنى ھىسقا تولدۇرۇپ.

ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى ئۇچار ئىدى ئۇزاققا،
قونار ئىدى چوققىدا لەپىلدىگەن بايراققا.

ئويلايتتى ئۇ: "چوققىغا چىقماي ئەسلا يانمايمەن،
شەرىپىنى ۋەتەننىڭ ئادا قىلماي قويمايمەن".

لەۋلىرىمۇ قىمىرلاپ، كوز قىساتتى كۇلكىدە،
ئالى جاناپ ھىسسىيات دولقۇنلايتتى قەلبىدە.

## سۇرەتچى

زەربىدار دۇي ئىشنى ئالار ئىدى سۇرەتكە،
ۋۇ جىڭيۇيگە بۇ ئىشمۇ چۇشەر ئىدى قىممەتكە.



گاھى، دۇيگە يول باشلاپ ماڭسا سەپنىڭ ئالدىدا،
گاھى، سۇرەت تارتقاندا قالار ئىدى ئارقىدا.

شۇڭا دۇيدە باشقىلار باسقىنىدا بىرقەدەم،
ئۇ باساتتى ئارتۇقچە باشقىلاردىن ئۇچ قەدەم.

سۇرەت تارتىش ئىشىمۇ ۋەتەننىڭ شان ـ شوھرىتى،
زارلانماسلىق جاپادىن كوممۇنىستنىڭ خىسلىتى.

قىيىنچىلىق ـ مۇشكۇلدىن ئىگىرمايتتى ۋۇ جىڭيۇي،
چىن قەلبىدىن سۇيەتتى شۇڭا ئۇنى پۇتۇن دۇي.

## شانلىق قۇربان

باتۇرلارنىڭ ئاستىدا قالدى تاغلار گەجگىسى،
كورۇندى ھە، ئاخىرى جومولاڭما چوققىسى.

ھەممە خوشال بولۇشتى يېغىپ كۇلكە ھوسنىگە،
تاغمۇ قايىل قىلىشتى قەھرىمانلار بەستىگە.

شۇ مەنزىرە ـ شۇ ھالنى ئېلىش مۇھىم سۇرەتكە،
لېكىن قىيىن ئىش ئىدى تۇن يېپىلغان شۇ پەيتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ئالتۇن ئوتتا تاۋلىنار، بۇركۇت بوران-چاپقۇندا،
قالدى ئارتتا ۋۇ جىگىيۇي دۈيمۇ داۋان ئاشقاندا.

قانچە كورۇنۇش، چوققىنى سۈرەتلەرگە ئالدى ئۇ،
ۋاقىت ئوتتى، دۈي كەتتى، ئوزى يالغۇز قالدى ئۇ.

كېچە-كۈكۈم قاپلىغان تاغ ئۈستىنى-چوققىنى،
پۇت تېيىلدى، يىقىتتى قاتتىق بوران دولقۇنى!......

ھەيۋەت ئىگىز چوققىلار باش ئېگىشتى مۇڭلىنىپ،
گۇلدۇرماما گۈرۈلدەپ، چاقتى چاقماق تولغىنىپ!

ئاچچىق قايغۇ-ماتەمدە بولۇت يىغلاپ-توكتى ياش،
ئېرىپ كەتتى يۇرەكلەر، ئېرىپ كەتتى تاغۇ-تاش!

ئېخ! قېرىنداش، قامىتىڭ ئايان بولدى كوزلەردە،
شان قالدۇردۇڭ ئېشىگدىن باتۇر ئوغۇل-قىزلەرگە!

**خاتىمە**

يىلتىزى يوق تال-كوچەت، مەنبەسىز ھەم سۇ بولماس،
قۇياش نۇرى بولمىسا تالمۇ ياشناپ ئايندماس.



ئىنقىلاۋىي دەۋرىمىز قەھرىمانلار مەنبىي،
يېتىشتۇرگەن باتۇرنى پارتىيىنىڭ شەپقىتى.

دەۋرىمىزگە مۇناسىپ ۋۇ جىگىيۇي مەرت قەھرىمان،
پارتىيىنىڭ نۇرىدىن قۇۋۋەت ئېلىپ ئايىنىغان.

شۇڭا بىزنىڭ دىللاردا قارىغايدەك ياشنايدۇ،
ئىنقىلاپتا-كۇرەشتە ھامان ئالغا باشلايدۇ!

1975-يىل قەشقەر.

## ئۇستاز

(ئالى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلار تىلىدىن)

چول باغرى يامغۇرغا تەشنا بولغاندەك،
ئىلىم-پەن ئىشقىدا يانغاندا يۈرەك؛
ئارزۇيۇم قاندۇردى ئۇلۇغ پارتىيەم،
ياشلىغىم باھارى ئاچقاندا چېچەك.

پايتەخت ئاپتۇۋى يولۇمغا مەشئەل،
كوزۇمدە ئوينايدۇ رەڭدار سىماسى.

ئارچىلار سايىسى كوركەم پاياندار،
قەلبىمنى ئويغىتار خۇشبۇي ھاۋاسى.

ھىكمەتلەر قورغىنى — چىڭخۇا① مەكتىۋىم،
كۆلكىدىن گۈلدەستە تۇتتى ئوغلىغا.
ۋۇجۇدۇم ئېرىدى باھار سۈيىدەك،
كۇمۇشرەڭ پايىدىن كىردىم قوينىغا.

باغ دەيمەن — مىڭ ياڭزا گۈللەر ئېچىلغان،
نە باغكى، جەننەتمۇ ئالدىدا خىجىل.
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى
ئىشقىۋاز بۇلبۇلدۇر، ئىناق ۋە ئىجىل.

مەن سىنىپ ئىچىدە زېھنىم با قۇۋۋەت،
قۇلاقتا ئىلىمنىڭ ياڭراق ناۋاسى.
قۇيۇلار پاك قەلبىم ئوكيانلىرىغا
ئاپپاق چاچ ئۇستازنىڭ ئەقىل دەرياسى.

ئۇ دەيدۇ: ئىلىم - پەن ئاچقىلى بولماس،
يەر ئاستى بايلىقى — خەزىنە ئەمەس.

① چىڭخۇا — چىڭخۇا داشۆې.



ئۇ نۇرلۇق قۇياشتەك بىر گوھەر چوققا،
كەزگىلى ئىمكان يوق جەزىرە ئەمەس.

كىمكى ئەجرىدىن ياسسا شوتا،
شۇ چوققا ئۈستىدە كورەر ئۆزىنى.
تىلسىملار قۇلۇپى ئېچىلىپ بىردىن،
پەن نۇرى يۇيىدۇ ئۇنىڭ يۈزىنى...

مەن سىنىپ ئىچىدە ئالىمەن ساۋاق،
ئىشقىمدىن سۇنماقتا جەۋرى خەنجىرى.
ھەر ئالتۇن تۇياقتىن يۇلتۇز چاچرىتىپ،
چاپماقتا پىكرىمنىڭ ئۇچقۇر تۇلپىرى!...

* * *

ئۇستازىم مىسالى بىر بۇلبۇل گويا،
توكىلەر تىلىدىن ئىلىم ئۈنچىسى.
ۋەتىنىم باھارى گۈلزارلىقىدا،
گۈل چېچەك ئاچماقتا ئۇنىڭ غۇنچىسى.

1977 - يىل قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# جۇ زۇڭلىنى كورگەندە

ئېھ! قەدىردان جۇزۇڭلى سىزنىڭ بۈگۈن،
كەلدى سەكسەن يىلغا تولغان كۈنىڭىز.
شۇ مۇبارەك كۈندە سىز يوق ئارىدا،
سېغىنىش ئىلكىدە قالدى دىلىمىز.

ئەسلىسەم جۇزۇڭلى سىزنى سېغىنىپ،
بولدى ئايان جەڭگىۋار شۇ قەدرىڭىز.
يۈرىكىمدە بىر خۇشاللىق قوزغىدى،
ماڭا تونۇش سەلتەنەتلىك كۈلكىڭىز.

سىزنى قەشقەر باغچىسىدا شات كورۈپ،
مەن ئۆزەمنى زور بەختلىك سانىغان.
قىپ-قىزىل قەلبىمنى ئالتۇن جام قىلىپ،
مېھرىڭىزنى تولدۇرۇپ مەي ئۇتلىغان.

سىز بىلەن چېن يى فۇزۇڭلى يانمۇ-يان،
باغچىغا كىرگەنتىڭىز شات كۈلكىدە.



مېھرىڭىز بىر نۇر ياغار چولپان ئىدى،
قىن-قىنىمغا پاتمىغان شۇ مەركىدە.

بەستىڭىز زەپمۇ كېلىشكەن قارىغاي،
قەلبىڭىز دەريا ئىدى جۇشقۇنلىغان.
كۈلكىڭىز ئوخشار ئىدى گۈل-غۇنچىگە،
كوزىڭىز بىر ئوت ئىدى يالقۇنلىغان.

شۇ ئۇلۇغ شىرىن مىنۇت ئەلبوم بولۇپ،
يۈرىكىمدە ساقلىنىپ قالغان ئىدى.
بىر ئومۇر دولقۇن يېرىپ ئورلەش ئۈچۈن،
مېھرىڭىز قەلبىمگە كۈچ سالغان ئىدى.

شۇ بەختلىك كۈننى مەن ئىخلاس بىلەن،
ئەسلىگەندە قايتا كۈچكە تولىمەن.
ئاشۇ كۈچتىن بىر قىران بۈركۈت بولۇپ،
نى قىيىن ئۆتكەل تېغىغا قونىمەن!

1978-يىل قەشقەر.

# بەختىيار ئەمگەكچىمەن

مەن مۇئەللىم، پارتىيەم بەردى شەرەپ، نۇسرەت ماڭا،
جەمىيەت ئالدىدا چەكسىز ئىھتىرام-ئىززەت ماڭا،
ئەقلى-زېھنىم چىنىسغا تولدۇرۇپ شەرۋەت ماڭا،
ئىلىم-پەن گۈلزارىدا سايراش ئۈچۈن نوۋەت ماڭا،
مىڭلىغان ئۇسمۇرنى تەربىيىلەشكە زور پۇرسەت ماڭا،
ھەم كۆيۈملۈك ھەم تەلەپچان ياخشى بىر خىسلەت ماڭا،
مۇشكىلاتلار تاغلىرىنى يارغۇدەك غەيرەت ماڭا،
بۇ بۈيۈك شانۇ-شەرەپ ھەم تائەبەت رىغبەت ماڭا.

ماۋزېدۇڭ ئىشياڭىدىن مەن كۈچ، ئەقىل، تەلىم ئېلىپ،
مەرىپەت باغۋەنى بولدۇم خۇشپۇراقلىق گۈل تېرىپ،
پەرۋىش ئەيلەپ غۇنچىلارنى مېھنىتىمدىن سۇ بېرىپ،
ئۇستى مايسا بۇك-باراخسان ئەلگە ئىپار ھىد بېرىپ،
تولدى ياشناپ گۈل ھوسنىگە ئالتۇن قۇياشتىن نۇر ئېمىپ،
قانلىرىم شوخلاندى شۇ چاغ بۇنى ئەڭ قىممەت بىلىپ،
غۇنچىلار خەلقىمگە ياقتى، بۇ دىمەك شوھرەت ماڭا،
ئەل ئارا ياغدى تەشەككۇر ھەممە زور ھورمەت ماڭا.



پارتىيە ئاچتى ئىلىم-پەن يولىنى داغدام بۈگۈن،
ئاتلىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ھەممە ئىش قايىنام بۈگۈن،
بارچە مىللەت چىلىڭ ئۇيۇشتى قەلبىدە ئايەم بۈگۈن،
ھەممە سەپتە زور نەتىجە، تەنتەنە-بايرام بۈگۈن،
بېھساپ شاتلىققا چومدى دۈڭتىڭخۇ، سايرام بۈگۈن،
تاپتى روناق مېھنىتىم، ئورلەش ئۇلۇغ غايەم بۈگۈن،
كەڭ-تاشا دەۋرانە بەختىم قىلدى زور شەپقەت ماڭا،
ئۆز ئىشىمدىن توھپە تىكلەش بىر ئۇمۇر مەقسەت ماڭا.

مەن مۇئەللىم — باغۋىنى مىليونلىغان گۈل-غۇنچىنىڭ،
كەلگۈسى تېخنىك، نېفىتچى، ئىنژېنېرنىڭ، ئىشچىنىڭ،
كەڭ يېزامنىڭ پاختىكارى، ئاگرانوم، ئەمگەكچىنىڭ،
ھور ۋەتەننى قوغدىغۇچى قەھرىمانىنىڭ-جەڭچىنىڭ،
كوكتە سەييارىغا ئۇچقان توھپىكار-ئىجاتچىنىڭ،
دوختۇر، ئالىم، يازغۇچى، رەسسام يەنە سەنئەتچىنىڭ،
بۇ مېنىڭ پەخرىم، غۇرۇرۇم، شان-شەرەپ، شەۋكەت ماڭا،
دەۋرىمىز بەرگەن بۈيۈك روھىي ئۇزۇق-لەززەت ماڭا.

بەختىيار ئەمگەكچىمەن زېھنىم بىلەن گۈل تەرگۈچى،
سۇغا تەشنا چولگە يامغۇر، دىلغا شەرۋەت بەرگۈچى،
كوممۇنىستىك جەمىيەتنىڭ ئۇل تېشىنى قويغۇچى،
”روھى ئىنژېنېر“ دىگەن شاننى بىجا كەلتۈرگۈچى،

يېڭى ئۇن مىڭلى سەپەردە جەڭچى ـ چەۋەنداز بولغۇچى،
سوتسىيالىستىك يېڭى ئەل، يېڭى دۇنيا قۇرغۇچى،
پارتىيەم بەردى بۇنىڭچۇن يەتكۇدەك قۇۋۋەت ماڭا،
بەردى بۇ ئورلەش چېغىنىڭ سۇرئىتى سۇرئەت ماڭا.

1978 ـ يىل قەشقەر.

## تۇلپار ناخشىسى

مېنىڭ ئىسمىم تۇلپارجان،
قاناتلىرىم ئالتۇندىن.
ھەسەن ـ ھۈسەن چاقنايــدۇ
كوزۇمدىكى يالقۇندىن.

تۇياقلىرىم كۈمۈش ئاي،
نۇرلۇق يۇلتۇز زىنىنتىم،
بۇلۇتلاردىن ھالقىيمەن،
سەكرەش مېنىڭ خىسلىتىم.

يەر لىغىلداپ، تاغ تىترەپ،
چاقماق چاقار ئاستىمدا.



گۈلدۈرماما ياڭرايدۇ
مەن كىشنىگەن ۋاقتىمدا.

باش ئۈستۈمدە قىزىل تۇغ،
پارتىيىمىز تىكلىگەن.
ئۈستۈمدە بار ئېغىر يۈك
ئۈزۈن سەپەر يۈكلىگەن.

توتتە ئىلغار ئەل قۇرۇش —
مېنىڭ يۈكسەك ۋەزىپەم.
كوممۇنىزىم بېغىدىن
شەرۋەت ئىچىش نىيىتىم.

ئاڭلا جاھان، سۆيگۈنۈم —
ئالتۇن چاچلىق كۈن پەرى.
مەن جۇڭگونىڭ يۈرۈشتە —
تاڭشۇرۇلغان تۇلپىرى!

1978 ـ يىل قەشقەر.



www.uyghurkitap.com

# باھار تۇيغۇسى

تەپەككۇر كەپتىرىم ئەيلىدى پەرۋاز،
قاپلىغاچ قەلبىمنى باھار تۇيغۇسى.
ئاقىدۇ دولقۇنلاپ بىر دەريا-قوشاق،
دەۋرىمگە يۈرەكنىڭ بولۇپ سوغىسى.

بۇ باھار مەناسى تامام باشقىچە،
ئىشىگى ئېچىلدى ئالتۇن قەسىرنىڭ.
زامانىۋىلاشقان ئۇلۇغ ئەل قۇرۇش —
تەلىۋى بىز ئۈچۈن يېڭى دەۋرنىڭ.

كۆچىمىز باھارنىڭ شاقىراتمىسى،
قۇيۇلدى ئىگىلىك تۈگمەنلىرىگە.
زېھنىمىز شوتىسى تىكلەندى يۈكسەك،
ئىلىم-پەن تېغىنىڭ ئوتكەللىرىگە.

توت تۇلپار ئۈچىدۇ زەپەر كوكىدە،
كەلگۈسى مەنزىلگە قىقىپ شوخ قانات.



ئەركىنلىك ئالىمى تۇغۇلار شۇندىن،
سۇ بىلەن باشلىنار گۈللەنگەن ھايات.

كورىمەن تەپەككۇر كوزلىرىم بىلەن،
يۇلتۇزلار چاقنايدۇ پېچتىن-ئوچاقتىن.
ئاقماقتا سامان يول ئېقىملىرىدەك،
پولات دەريالىرى تېشىپ قىرغاقتىن.

ۋېشكىلار مىسالى ساناقسىز ئورمان،
داغماللار چاچىدۇ زىمىنگە چېچەك.
قىشلاقلار باغرىدا موتور ئاۋازى،
كۈلمەكتە مېھنەتتىن پارلاق كېلىچەك.

ۋېيىشكىلار كوكتىكى خەۋەرچى يۇلتۇز،
يەشمەكتە كائىنات تىلسىملىرىنى.
تومۇر قۇش لاچىندەك قىلىدۇ پەرۋاز،
پارچىلاپ بۇلۇتلار ئۇپقۇنلىرىنى.

كوزلىرىم قاماشتى، جەسۇر تۇلپارنىڭ
زەر چاچقان ئالتۇن پەي قاناتلىرىدىن.
گۈللىنەر ۋەتىنىم گۈزەل كەشتىدەك،
رەڭمۇ-رەڭ گۈل چاچقان تۇياقلىرىدىن!

1979-يىل قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ۋەتەن مۇھەببىتى

ۋەتەن ئەلا ئىززىز جاندىن، ۋەتەندىن ياخشى بوستان يوق،
تۇغۇلدۇم ھور ۋەتەن سەندە، دىلىمدا قىلچە ئارمان يوق.

ئۇلۇغ كومپارتىيەم نۇر بەردى كوزۇمنى تۇنجى ئاچقاندا،
باھار-كوكلەمنى كوردۇممەن، سىنىڭدە جۇت-زىمىستان يوق.

"ۋەتەن" دەپ تىل چىقاردىم شوخ، ۋەتەنگە كويگىنىم — بەختىم،
قۇۋۋەت بەردىڭ ئىززىز تۇپراق، سىنىڭدەك مىھرى غەمخان يوق.

ياشاردىم مىسلى قارىغايدەك بوران-چاپقۇنغا بەرداشلىق،
يىگىت بولدۇم جەسۇر-پەلۋان، بۇنىڭدىن زور شەرەپ-شان يوق.

بەختلىك دەپ ھىساپلايمەن ئۆزەمنى ھەر زامان-ھەر چاغ،
جاھاندا مەن ئۇچۇن باشقا سىنىڭدەك ئۆز گۈلىستان يوق.

جىمى ئالەمنى كەزسەممۇ ئۇچۇپ ئاسماندا شۇڭقاردەك،
بەخت ئىلكىدە ياپراشقا سىنىڭدەك كەڭرى مەيدان يوق.



گۈزەل مەنزىلگە ئات سالدىڭ، ئاشۇ يولدا تەسەددۇق جان،
كېرەك بولسا ھاياتىمدىن كېچەرمەن ھېچ پۇشايمان يوق.

سىنىڭ ئەجرىڭنى چىن ئاقلاپ كومۇلسەم سەندە تۇپراققا،
ياشايمەن ئەل بىلەن مەڭگۈ، دىلىمدا قىلچە ئارمان يوق.

1979 - يىل قەشقەر.

## ئوغلۇمغا

ياشلىغىڭ باھاردۇر، بىباھا-قىممەت،
قىلارسەن ياشلىقتا ھەر ئىشقا جۈرئەت.
قىيانىدەك تاشقىنلار ئۇندا ئەقىل، كۈچ،
ياشلىقتۇر ئومۇرنىڭ جەۋھىرى ئەلۋەت.

ياشلىقتا ياڭاقنى چاقىدۇ چىشىڭ،
"تاشقا مور باسقاندەك" ئەجرىڭ ئىشىڭ.
مېھنەت ۋە كۈرەشتە ئۆتكۈزسەڭ ئۇنى،
مەڭگۈلۈك باھاردەك بولىدۇ قىشىڭ.

قەلبىڭدىن پىچلەرگە ئۆت ياقساڭ ئەگەر،
ئېرىيدۇ رودىلەر سۇ بولغان قەدەر.

ئېلىمگە چاچرىغان پولات چىچەكتىن،
ياغىدۇ شەنىڭگە ئالقىش، شان-زەپەر.

ياشلىقتا تەر توكسەڭ بوستان بولۇر چول،
يېقىملىق ھىد چېچىپ كۈلەر ئۇندا گۈل.
پەرھادى سەن بولساڭ، شىرىنى بولۇپ —
ئىشقىڭدا سايرىشار تۈمەن مىڭ بۇلبۇل.

ياشلىقتا لاچىندەك شوخ قانات قاقساڭ،
قۇزغۇنىنى قەھرىڭدىن ئوق ياساپ ئاتساڭ،
ياشايسەن دىللاردا ئەل ئۆمرى كەبى،
ۋەتەنگە جان بېرىپ تۇپراقتا ياتساڭ.

ياشلىقتا ئۆگەنسەڭ روناق تاپارسەن،
ئىلىم-پەن كانىدىن گوھەر قازارسەن.
تىلسىملار قولىڭغا بولۇپ سەن ئاچقۇچ،
موجىزە بابىدىن داستان يازارسەن.

ئۇمىدىم يۈكسەكتۇر، قويمىغىن يەردە،
تۇلپار بول، بۇ يېڭى ئۇزۇن سەپەردە.
ۋەتەنگە ياشلىغىڭ تەقدىم قىل ھامان،
تىز پۈكمە،



تىنىك داۋان،
مۈشكۈل خەتەردە!

1979-يىل قەشقەر.

# راۋابىم

راۋابىم — سۈيگىنىم سازىم،
جاراڭلار ئۇ، باھار، يازىم.
قىلىپ تەڭگەش غەزەل ئېيتسام،
يېتەر ئاسمانغا ئاۋازىم.
راۋابىم — سۈيگىنىم سازىم،
جاراڭلار ئۇ، باھار، يازىم.
جىمى ساز ئىچرە يىگانە،
ئاۋازى بەكمۇ دىلخانە.
مۇقامغا ئۇرغىتىپ چالسام،
بولار بۇلبۇلمۇ مەستانە.
جىمى ساز ئىچرە يىگانە،
ئاۋازى بەكمۇ دىلخانە.
ئۇلۇغ دەۋرىمنى كۈيلەيمەن،
زەپەر داستانى سوزلەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

راۋاپنى يار ـ دوست ئەيلەپ،
گۈزەل ئىقبالغا ئورلەيمەن.
ئۇلۇغ دەۋرىمنى كۈيلەيمەن،
گۈزەل ئىقبالغا ئورلەيمەن.

1979 ـ يىل قەشقەر.

## ئاۋات قەشقەر

ئايدىڭ كېچە، ئاي پاتقىچە ناخشام بىلەن،
كۈمۈش نۇرلار ئىچرە ئەركىن ئۈزمەكتىمەن.
قەشقىرىمنىڭ مول ھوسۇللۇق تويلىرىدىن
ئىلھام ئېلىپ ئوتلۇق قوشاق تۈزمەكتىمەن.

زەربىدارلار پەش قىستۇرغان، يەڭنى تۇرگەن،
پولات ئوغاق پاقىرايدۇ قاداق قولدا.
دەريا دەيسەن ئېلىپ ماڭغان سولىمىزنى،
خوشال ناخشا جاراڭلايدۇ ئوڭ ۋە سولدا.

بادام دوپپا گۈللىرىدەك پاختىزاردا،
قىز ـ جۇۋانلار غوزىلارنى تېرىشمەكتە.



چاي قايىنىمى ئۆتمەي تۇرۇپ توپ ـ توز ئېتىز
ئاق ئالتۇننىڭ تاغلىرىغا ئېرىشمەكتە.

ئەنە، "دۇڭفاڭ" تىراكتورلار گۈرۈلدەيدۇ،
نۇر ئۈستىگە نۇر ياغدۇرۇپ بەس ـ بەس بىلەن.
سىيالكىدىن چۈشمەكتە دان ئۈزۈلمەستىن،
تېرىلماقتا كۆزلۈك بوغداي ئىخلاس بىلەن.

ئۈچ ئات قوشقان رېزىنكا چاق ھارۋا دۈيى
ئالتۇن باشاق تاغلىرىنى سورەپ بارار.
قايناق مېھنەت قاينىمىدا ئەر ـ ئاياللار
قاتتىق ئىشلەش غەيرىتىدىن تاغنى يارار.

ئىگىز تۇرخۇن جىيەك تارتقان كوك يۈزىگە،
سېخلار ئارا موتور ئۈنى ۋاڭىلدايدۇ.
بۇلبۇل، كاككۇك تەڭكەش بولۇپ چىمەنلەردە،
بەزمە قۇرۇپ، خەندان ئۇرۇپ چاڭىلدايدۇ.

قەشقىرىمنىڭ داڭ چىقارغان باغلىرى بار،
ئەجەپ تاتلىق ئالما، ئەنجۈر، ئانارلىرى.
ئۈزۈلۈشمەكتە مەي باغلىغان ئۈزۈملىرى،
ئوت يۈرەكلىك ئىشچانلىرى ـ چولپانلىرى.

قەدىم قەشقەر ئاسمىنىنىڭ ھاۋاسىغا
ئۇپار تولغان قوغۇن، بېيە...پۇرىقىدىن.
بازار ئاۋات، تۇرمۇش ناۋات، قايناق ھايات،
مىڭ ئۇرگىلەي،
ئازات مېھنەت قىممىتىدىن!

مەيلى يېزا، مەيلى زاۋۇت، مەيلى باغدا،
كېچە-كۈندۈز ئوينالماقتا ھوسۇل تويى.
ئۈزۈن سەپەر غەلىبىسىنى قۇتلىماقتا،
ناخشا خۇمار قەشقەرلىقنىڭ خوشال كۈيى.

1979-يىل قەشقەر.

# ئارزۇ

ئالتۇن يىگنە قادالغاندەك قۇيلىش نۇرى
ئاقۋاش تاغنىڭ مۇز باغرىنى تېشىپ ئۆتتى.
ھەرى كونەك بولەى مۇزلار، جىلغىلاردا—
زىلال سۇنىڭ شاۋقۇنلىرى كوككە يەتتى.

جىملىق باسقان قاپتاللارنى سىپ لەرزىگە،
تاشتىن-تاشقا سەكرەپ ئۆتتى تۇلپار ئېقىن.



بەڭۋاش سۇلار قۇيۇلغاندا شاقىراتمىدىن،
قۇدرىتىدىن ھاسىل بولدى چاقماق-چېقىن.

دولقۇنلىنىپ، ئۇركەش ياساپ ئاققان سۇلار
جانلاندۇرار بىزنىڭ كوجۇم مەلىمىزنى.
يېشىل كىمخاپ كىيىندۇرۇپ تەبەتكە،
زوقلاندۇرار باھار قايناق قەلبىمىزنى.

تاغ سۇيىنىڭ شەرۋىتىدىن باغلاردىكى—
دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا قوندى ھۆكەر.
سۇمبۇل تالدىن چاچ سالىدۇ سوگەتلەرمۇ،
گۈلزار ئارا خۇش پۇراقلىق رەيھان كۆلەر.

تىرىكلىكنىڭ ھايات-قېنى تاغ سۇلىرى،
ناخشا ئېيتىپ ئاقار سالا ئېتىزلارغا.
كەۋسەر ئىچىپ بۇغداي، قوناق مايسىلىرى،
ئوخشار گويا پايانى يوق دېڭىزلارغا.

تاغ سۇلىرى گۈل كەلتۇرۇپ چول باغرىغا،
ئېقىشماقتا شاۋقۇن بىلەن ئويناپ ئۇسسۇل.
ئارزۇيۇم شۇ: تاغ سۇيىدەك خىسلەت بىلەن
ياپسام دەيمەن ۋەتىنىمنىڭ ھوسنىگە گۈل.

1979-يىل قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈمىت

تەربىيىلەپ ئۆزاتتى ئانا شۇپىيۇەنىم،
يىگىرمە ئالتە يىل بۇندىن مۇقەددەم.
شوخ پەرۋاز ئەيلىدىم خۇددى شۇڭقاردەك،
ئىنقىلاپ قوينىغا تاشلاپ زور قەدەم.

ھاياجان سۈيىدە ئۆزدۈم غۇلاچلاپ،
تۇنجى رەت سىنىپقا كىرگەن چېغىمدا.
تۇراتتى ھورمەتتە تىكىپ كوزىنى،
دەۋرىمىز گۇللىرى مىنىڭ ئالدىمدا.

باش ئېگىپ ئېھتىرام قىلدىم ئۇلارغا،
مېھرىمنىڭ دەرياسى قەلبىمدە ئاقتى.
ئىلىم-پەن ئېچىقى ئېچىلغىنىدا،
ئۈمىتلىك جۇپ كوزلەر كوزۇمگە باقتى.

باشلىدىم ساۋاقنى، ئۆگەتتىم ساۋات،
"ئا" بىلەن ئازاتلىق قەدرىنى يەشتىم.



"ب" بىلەن بىلىمگە رىشتىنى باغلاپ،
نادانلىق-خورلۇقنىڭ بوينىنى كەستىم.

"س" بىلەن سادىق بوپ ئۇلۇغ دەۋرىمگە،
ئەجداتلار روھىغا ۋارىس بولۇشنى؛
"د" بىلەن دالالەت قىلدىم مەڭگۈگە—
پارتىيە، ۋەتەن، خەلق، ئەمگەك سۇيۇشنى.

مەرىپەت بېغىنىڭ گۈل-غۇنچىلىرى
سائادەت قوينىدا چاچتى خۇشپۇراق.
ھەر بىر يىل بويىدا ئىز-تامغىسى بار—
ئەجرىمنىڭ، شۇڭا مەن ئارماندىن يىراق.

بەختىيار باغۋەنمەن، شانۇ-شەرەپلىك،
ساقلايمەن نامىمنى، زادى كوچمەيدۇ.
شاگىرتىم بار مىنىڭ—غۇرۇرۇم، پەخرىم،
زاماندىن-زامانغا ئىزىم ئۆچمەيدۇ.

پارتىيەم چاقىردى بىزنى يەڭ تۇرۇپ—
ئارزۇمىز بېغىغا گۈللەر تىرىشقا.
زامانغا مۇناسىپ ئۇلۇغ ئەل قۇرۇش—
ئۈچۈن پەن كانىدىن گوھەر قېزىشقا.

بۇگۈن سىز ـ شاگىرتلار ھەرقايسى سەپتە،
قانچىگىز ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتچىسى؛
قانچىگىز مۇئەللىم، قانچىگىز رەھبەر،
قانچىگىز ۋەتەننىڭ سادىق كۈيچىسى...

ئۈمىدىم: مۇشكۈلنى يېڭىپ ئەجرى قىلىپ،
بۇ، ئۈزۈن سەپەردە بولايلى ئۈلگە.
ئىجات ھەم مېھنەتكە كۈمۈش تەر تۆكۈپ،
ھور ئانا ۋەتەننى ئورايلى گۈلگە!

1979 ـ يىل قەشقەر كونىشەھەر.

## تەنتەنە

زوقىنى تارتىپ كوكۈلىنىڭ، خۇشپۇراق رەيھان بولۇپ،
تاڭ بىلەن كۆلدىكى ئېلىم نۇر چاقنىغان چولپان بولۇپ.

شۇ ئۇلۇغ تاڭ شەنىگە تەنتەنە قىلسام بۈگۈن،
ئۆرغىدى دىلدىن تەشەككۇر، كۈيلىرىم پونتان بولۇپ.

* * *



سەن ئىدىڭ ئۆتمۈشتە ئۈچ تاغ ئاستىدا ۋەيرانە چول،
قان ئىچەر ئالۋاستىلار سۈرگەن ھوكۇم خاقان بولۇپ.

ھەممە يەردە ئىدى ئورمان قان تېمىپ تۆرغان قىلىچ،
كەمبەغەللەر ئۈستىدىن باسقان زۇلۇم توپان بولۇپ.

"جانپىدا قىلغاچقا مەرتلەر" قەد كوتەردىڭ جان ۋەتەن،
كۈن چىقىش ياقنى قىزارتىپ، رۇستەمى داستان بولۇپ.

سەن ئۈچۈن توكتۈق كۈمۈش تەر جەڭدە، مېھنەت قوينىدا،
بەختىيار تاڭغا ئېرىشكەن قۇل، چىۋەر پەلۋان بولۇپ.

ئەسلىسەم شۇ تاڭ بىلەن باسقان قەدەمنى بىرمۇ ـ بىر،
تىزىلار شانلىق زەپەرلەر كەھرىۋا ـ مارجان بولۇپ.

بولۇشۇپ يەر، ئومىلىشىپ ھەم ئاجرىدى پۈتتىن كىشەن،
قەد كوتەردى قۇل، گادايلار ھور ـ ئازات دېخان بولۇپ.

پارلىنىپ ئالتۇن قۇياشتەك گۈڭشېلار چاچقاندا نۇر،
ھەيۋىتى باستى زېمىننى يايرىدۇق شادمان بولۇپ.

پارتلىدى يادرو ئۇنۇملۇك، پۈتتى چاڭجياڭ كوۋرۇگى،
كوكتە ۋېيىشىڭ. قىلدى پەرۋاز كەڭتاشا ئىمكان بولۇپ.

چىقتى ئۈرغۈپ سەل ـ قىياندەك تۇشمۇ ـ تۇشتىن يەر يېغى،
ۋېشكىلار سۈيدى بولۇتنى قاتمۇ ـ قات ئورمان بولۇپ.

جىم بولۇپ ياتمايدۇ دۈشمەن، بەختىمىزگە قەس قىلار،
گاھى بورى بوپ كورۈنسە، گاھىدا پاقلان بولۇپ.

تېخى كوزدىن قۇرىماي ماۋجۇشىغا ماتەم يېشى،
توت نېجىس چىقتى كورەڭلەپ قان ئىچەر شەيتان بولۇپ.

خەلقىمىزنىڭ بەختى ـ ئىقبالى ئۈچۈن كومپارتىيە
قىلدى تارمار بىر يولى توت ياۋنى، مەرت ئوغلان بولۇپ.

ئەي ئانا، شانلىق ۋەتەن كەلدى باھارىڭ قايتىدىن،
گۈللىدىڭ گۈلدىن گۈزەل كوز چاقنىتار ئەدنان① بولۇپ.

توتتە قۇدرەتلىك ئۇلۇغ . جۇڭخۇا قۇرۇشقا ھەممىمىز —
يەڭ شىمايلاپ ئاتلىدۇق ئوت ھارۋىلىق كارۋان بولۇپ.

1979 ـ يىل قەشقەر.

① ئەدنان — جەننەتنىڭ بىر خىلى.



# مەرھابا، باھار

مەن ناخشىچى، ناخشا ئېيتىمەن،
ھەر ناخشامنىڭ مەزمۇنى باشقا.
ئوخشىمايدۇ مېنىڭ بۇ ئىشىم
شاتۇتىدەك ناخشا توۋلاشقا؛
ئوخشايدۇ ئۇ تەرلەر ئاققۇزۇپ
تاغ ئاستىدىن رودا كولاشقا.

مەرھابا، ئەي سۈيگىنىم باھار،
مەلىمىزگە خوشال كېلىۋەر.
پاياندازىڭ دەستە ـ دەستە گۈل،
سوگەت ـ تالغا چاچلار سېلىۋەر؛
بىزنىڭ بۇ يۇرت ئاجايىپ بەلەن،
ئىچەكىشىپ كونۇپ قېلىۋەر.

ئېرىق ـ ئوستەڭ بويلىرى يالپۇز،
گۈپۈلدەيدۇ ئېپار پۇراقلار.
سۇ باشلايدۇ سۇچى يىگىتلەر،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ناخشا بىلەن كۈنۈم شۇنداقلا؛
ئۇ ناخشىنى ئاددى چاغلىما،
كۆيلىنىدۇ ئىشقى ـ پىراقلا...

كاككۇك ئۇنى دىلغا يېقىملىق،
سايرايدۇ ئۇ، تېرەك بېشىدا.
ئۇنى ئاڭلاپ باغدا قىزىلگۈل
جاۋاپ بېرەر ئەگىم قېشىدا؛
سېنى جەزمەن قىلار مەھلىيا،
ئۇمۇ بۇ يىل يېڭى يېشىدا.

چاچ تەڭگىنى ئېسىپ ئورمانلار،
جىرىڭلىتىپ ناخشا ئوقۇيدۇ.
توختىنىكام— ئورمانچى بوۋاي،
ئورمان تورى ئىشلەپ توقۇيدۇ؛
يىللار ئۆتۈپ بىناكارچىنىڭ
بىقىنىغا ئاستا نوقۇيدۇ.

ئۆچۈپ ئۆتسە تۇرنا ساداقتەك،
ئېتىز كىيەر يېشىل تونىنى.
هايالشماي ئەتە ـ يا ئۆگۈن،
چوكىرىدۇ تورغاي بويىنى؛



ئۈزاق ئۆتمەي ئۈيناپ قالارسەن
مول هوسۇلنىڭ قىزىق تويىنى.

نى ـ نى ئىشلار ئۆتىدۇ شۇنداق،
باهار بىلەن باشلىنىپ بارى.
ئويلاپ قالما "بۇ يىلقى باهار
هەر يىلقىدەك ئۆتەر قاتارى"؛
ئوخشىمايدۇ، تۈزۈلدى بۇ يىل
مۇقاملارغا راۋاپنىڭ تارى.

سەكسىنىنچى يىلنىڭ باهارى—
ئۈزۈن سەپەر مۇقەددىمىسى.
ئېچىلىدۇ مۇشۇنىڭ بىلەن،
نى ـ نى ئىشنىڭ تۇنجى پەردىسى؛
باشلىنىدۇ غايىمىز ئۈچۈن
يېڭى جەڭنىڭ زەپەرنامىسى.

1980 ـ يىل قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## گۈل

گۈلگە ئاشىق بولغىنىم ئۈچۈن،
گۈل تېرىدىم كۆڭلۈم بېغىغا.
ۋۇجۇدۇمنى ئەيلىدىم تۇپراق،
تومۇرۇمنى چېچىپ شېخىغا.

مېھرىم بىلەن سۇغۇرۇپ ئۇنى،
ئىشقىم بىلەن ئېچىلدۇرارمەن.
ئېزىز خەلقىم ئالسۇن بەھرى دەپ،
ئىپار ھىدلار چېچىلدۇرارمەن.

1980 ـ يىل قەشقەر.

## سەھەر

چولپان كوز قىسىپ چاقنىدى، ئۇپۇق ـــ
باغلىدى كۈمۈش شايى بەلۋاغىنى.



تارتىنچاق كېلىن كۈلگەندەك قۇياش،
چىقتى ئەسلىتىپ ئالتۇن بۇلاقنى.

شايى بەلۋاقا تۇتاشتى يالقۇن،
لالەرەڭ پەردە تارتتى كوك يۈزى.
گىيا مەڭزىدىن سۈيدى ئالتۇن نۇر،
ئانا يەر گويا ئوتقاشنىڭ ئۆزى.

1980 ـ يىل قەشقەر.

## ئوچمەس مۇھەببەت

"لىۋ شاۋچى بۇ يۇرتتىن ئوتەر چەتئەلگە" ـــ
شۇ خەۋەر دىللاردا ياندى چىراقتەك.
قاش تېشى ماكانى قىلدى تەنتەنە،
شاتلىقتىن ھاياجان تاشتى بۇلاقتەك.

ھەركىمنىڭ قەلبىدە بىر ئۇلۇغ ئارزۇ ـــ
داھىنىڭ ھوسنىنى كورۇشكە تەشنا.
ئەجرىدىن قىممەتلىك سوغا تەييارلاپ،
يېقىملىق مېھرىگە قېنىشقا تەشنا.

تاڭنۇرنىڭ خوشلۇغى ھەممىدىن ئارتۇق،
چۈنكى ئۇ داھىغا تۇتار گۈلدەستە.
مىليونلار قەلبىنىڭ مۇھەببىتىنى
يەتكۈزەر ئاشۇ قىز قايناق ھەۋەستە.

شۇڭلاشقا كىيىنەك بولۇپ تاڭنۇر قىز،
باغلاردىن باغلارغا ئۇتەتتى ئۇچۇپ.
مىڭ گۈلدىن بىرىنى ئۈزەتتى تاللاپ،
تىزاتتى دەستە قىپ، زەپەرلەر قوچۇپ...

* * *

تاڭ سەھەر شاملى يەتكۈزدى خەۋەر:
"لىيۇ جۇشى كەلمەكتە ئۇچۇپ ئاسماندا".
مىليونلاپ جۇپ كوزلەر كوككە تەلمۈرەر،
يۈرەكلەر جۇش ئۇرار زوق-ھاياجاندا.

ھە ئەنە، كۈمۈش قۇش كورستىپ رۇخسار،
بۇلۇتلار ئۈستىدىن شۇڭغىدى پەسكە.
ئىستانسا كومۇلدى ئۇسسۇل ئەۋجىدىن—
يىپىلغان چىرايلىق شايى-ئەتلەسكە.

پەرۋانە مۇسەللىك ئاتتى ئۇزىنى،
لىيۇ جۇشى شوتىدىن چۈشكەندە، تاڭنۇر؛



سۇندى گۈلدەستىنى، كورۇشتى مەمنۇن،
قەلبىدە جۇش ئۇردى شاتلىق ۋە غۇرۇر.

خوشاللىق ئىچىدە قايغۇدۇر پىنھان،
ئاز ئوتمەي تاڭنۇر قىز قالدى بالاغا.
داھىغا قىلىندى توھمەت ۋە ھۇجۇم،
تاڭنۇرمۇ ئۇچرىدى كورمىڭ جازاغا.

گۈلدەستە تۇتقان قول گۇناكار بولۇپ،
باغلاندى ئارقاندا، ئېسىلدى دارغا.
يۈگرىگەن پۇتىغا سېلىندى كىشەن،
غۇنچىدەك لەۋلىرى بويالدى قانغا...

ئاسماننى قاراڭغۇ قاپلىغانسىرى،
يۇلتۇزلار پارلىدار نۇرانە چاقناپ.
شۇ ئېغىر كۈنلەردە تاڭنۇر قەلبىدىن
ئۇچمىدى لىيۇ جۇشى ياندۇرغان ئاپتاپ!

* * *

كەلگەندە داھىنىڭ نامى ئەسلىگە،
خوشاللىق ئىلكىگە چومدى تاڭنۇر قىز.
گۈلدەستە تىزىشچۇن داھىغا ئاتاپ،
چىمەنزار قوينىغا يۈرۈپ كەتتى تېز.

1980-يىل قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گۈزەل ھېيتكا

قەدىم قەشقەر ــ ئانا يۇرتنىڭ يۈرىگىسەن گۈزەل ھېيتكا،
ھاياتنىڭ قاينىمى ـ كۆركى، بۇلاغىسەن گۈزەل ھېيتكا.

ئەگەر ئالتۇن ئۈزۈك بولسا ئەزىز قەشقەر قىياسىمدا،
ئۇنىڭ بېرلىيانت كۆزى نۇرلۇق چىراغىسەن گۈزەل ھېيتكا.

ئەگەر قەشقەر تولۇن ئايدەك چىرايلىق بىر پەرى بولسا،
ئۇنىڭ بوينىدىكى كۆركەم تۇمارىسەن گۈزەل ھېيتكا.

سېنىڭ كۆكسۈڭدىكى گۈللۈك ياراشقان خالغا ئوخشايدۇ،
تۈمەن گۈلنىڭ ئىپارلىق خۇش پۇراغىسەن گۈزەل ھېيتكا.

سېنىڭ ئىشقىڭدا پەيۋەندە بولۇپ باغرىدا ئوت كۆيگەن،
يىگىت ـ قىز قەلبىگە مەلھەم خۇمارىسەن گۈزەل ھېيتكا.

ئۇلۇغ ئاستانە ئاۋازى جاراڭلايدۇ پېشانەڭدە،
ئۇنى ئاڭلايدۇ مىليون خەلق، قۇلاغىسەن گۈزەل ھېيتكا.



تاقاشقان ئۈستى ئاسمانغا سېلىنغان قوش قەۋەت ئويىنىڭ،
شۇ ئاسماننى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈكىسەن گۈزەل ھېيتكا.

يولۇڭ ئايلانما مەر ـ مەردۇر، يىگىت ئەكسى نامايەندۇر،
سۈزۈكلۈك شاھى ـ سۇلتانى گوھەرىسەن گۈزەل ھېيتكا.

ھېيت، بايرام، بازار كۈندە ئاقار مىڭلاپ بادام دوپپا،
بادام دوپپا، چىمەن دوپپا ماكانىسەن گۈزەل ھېيتكا.

سۇناي، ناغرا چېلىنغاندا، ساما قايناپ سېلىنغاندا،
دىلىڭ يايرار ــ خۇشاللىقنىڭ سىماسىسەن گۈزەل ھېيتكا.

سەھەر ـ كەچتە راۋاپ، تەمبۇر، دۇتار ئاۋازى دىلخەندە،
گۈزەل ناخشا، گۈزەل سازنىڭ ئاناسىسەن گۈزەل ھېيتكا.

بېيجىڭ، شاڭخەي، ئۈرۈمچىدىن...ساڭا كەلگەن ئوغۇل ـ قىزغا،
باياشات داستىخىنىڭ كەڭدۇر، پاناھىسەن گۈزەل ھېيتكا.

شەرەپلىك پارتىيەم، خەلقىم بىلەن ھۆسنىڭ گۈزەللەشتى،
پاراۋان، ھۆر، گۈزەل تۇرمۇش بۇلاغىسەن گۈزەل ھېيتكا.

1980 ـ يىل قەشقەر.

# پامىر شەنگە
(سېكىل)

## پامىر

مويسىپىت پامىرنىڭ چېچى ئاقارغان،
زەڭگەررەڭ دۇخاۋا دوپپىسى باشتا.
يۇلتۇزلار شۇ دوپپا ئۈستىدىكى گۈل،
كۈمۈش نۇر ئوينايدۇ ھەر سۈزۈك تاشتا.

كۈنگەيگە زەر لىگەن چاچقاندا شولا،
تەسكەيىنى قاپلايدۇ قوڭغۇررەڭ سايە.
چوققىلار جۇلالىق شەمشەردەك گۈزەل،
قىيالار چوققىغا سىلىنغان پايە.

تاراملىق جىرالار جىرايلىق بىر باغ،
نە باغكى، ئىپارلىق جەننەتنىڭ ئۆزى.
شاۋقۇنلار تىنىمسىز ئۆرغىغان قوشاق،
باغرىدا جىمىرلار بۇلاقنىڭ كۆزى.



ئېخ! پامىر، ھاياتلىق تومۇرىغا سەن
قىزىل قان بەرگۈچى بىر ئوتلۇق يۈرەك.
قەلەمقاش، ئانار يۈز، ئاھۇ كۆزلەرنىڭ
قەلبىدە ئوت ئالغان يالقۇنلۇق تىلەك!

## گۈزەل يايلاق

گۈزەللىك — ئادەم ۋە نەرسىگە سۈپەت،
پەرقلىق ھەر نەرسە ئاشۇ جەھەتتىن.
ئويلايمەن: مەن كۆرگەن پامىر يايلىغى
گۈزەللىك شاھىدۇر ھەممە تەرەپتىن.

چەت-چېتى ئۇپۇققا تۇتاشقان ئۇنىڭ،
ئۇپۇقكى — پامىرنىڭ قامەت بويلىرى.
تاراملار كۆك ئۈزرە چۈشكەن ئاق يىپەك،
رەڭ بىرەر بۇلۇتقا بۇژغۇن ھورلىرى.

يىراقتىن قارىساڭ ياپ-يېشىل دېڭىز،
ئۈستىدە چىمىرلار قۇياش شولىسى.
يېقىنلاپ كەلگەندە ئوتقاشلىق چىمەن،
مىسالى چاھارباغ گۈللۈك ھويلىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىتىس قوي گوياكى ئاپپاق توپ بۇلۇت،
ھەسەل قوي يۇڭلىرى تاۋلانغان شەپەق.
ئاق، چىپار كاللار يۇلتۇزلۇق ئاسمان،
توسۇن تاي سومرۇغدىن قېلىشماس پەقەت!

بۇلاقلار لىپمۇ-لىپ مەي تولغان قەدەھ،
ئىككى يان زىلال سۇ — ئۇركەشلىك ئېقىن.
ئاق ئۆيلەر چاقنىغان كۈمۈشرەڭ مۇنار،
يىگىت-قىز كوزلىرى بەئەينى چېقىن!

ئەگەر سەن ئۆزەڭنى تاشلىساڭ چوپكە،
ياتقاندەك بولىسەن گۈلدار گىلەمدە.
قىمىزدىن قانغىچە ئىچىپ يايرىساڭ،
سېزىسەن ئۆزەڭنى باغۇ-ئىرەمدە!

## پادىچى يىگىت

بوز تورۇق ئارغىماق ئۈستىدە يىگىت،
گوياكى مۇجەسسەم يېشىل قارىغاي.
سوڭەك نەي توشكى بېسىلغان لەۋگە،
ساداسى يايلاقنى قۇچماقتا ئايھاي!...



مىڭ تۈمەن قۇشلارمۇ ئۇن ئالار نەيدىن،
جانلىنار دەريالار، تاغلار ھەيۋىسى.
ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ قىسما-قىسما گۈل،
كۆلىدۇ مۇز تاغدا ئاق قار لەيلىسى.

پادىچى يىگىت ئۇ، يايلاق بۆركتى،
قەلەمقاش ئاستىدا ئوينايدۇ چەشمە.
تېقىمى ئاستىدا ئۇزۇن سالمىسى،
قامچىسى قىيىچتىن ياسالغان ئەشمە.

ھەر يىلى باھاردا كېلىدۇ يىگىت،
يايلاقتا تۈمەنلەپ چارۋا باقىلى.
بىرنى ئون، ئوننى يۈز قىلىپ تول ئېلىپ،
ئەجرىدىن ۋەتەنگە توھپە قاتقىلى.

توگىلەر لوكىسى خۇددى تىك چوققا،
موزاينىڭ ساغرىدا توختايدۇ تۇخۇم.
قوش قۇيرۇق قويلارنىڭ تامچىيدۇ يېغى،
قۇلۇنلار تۇلپارنى باسىدۇ چوقۇم!

شۇ يىگىت بېھساپ چارۋا پادىنىڭ
مېھرىۋان ئاتىسى، قەيسەر ئىگىسى.

قەلبىدە گۈلخاندۇر بىر ئۇلۇغ ئارزۇ،
شۇ ئارزۇ ۋەسلىدىن ياشنار كەلگۈسى.

## سىغىنچى قىز

ئۇرچۇقتىن موكىلار يىپ سۇغارغاندەك،
سۈت ساغار چىلەكلەپ سىغىنچى قىزچاق.
ئەۋرىشىم بارماقلار ئاجايىپ ئەپلىك،
ھەركىتى بەك چاققان، ھەر كۈن ئىككى ۋاق.

ماڭلايغا ياراشقان ئالتۇندىن گى ھۆر،
قالىغاچ قانىتىدەك كېلىشكەن قېشى.
قىياقتەك يەلپۈنسە چاقماق كىرپىكى،
بويىدا يالتىرار بېرلىيانت تېشى.

سۈت ـ قايماق، سېرىق ماي ئاشۇ قىزچاقنىڭ ـــ
ئەجىرلىك تېرىدىن بولدۇ پەيدا.
شۇ قىزچاق قولىدىن سۈت ئىچكەن يىگىت
ئۆمۈرلۈك ئىشقىنى قىلدۇ شەيدا!!



## خوش

خوش، مېنىڭ قەلبىمدە سۆيگۈ ياندۇرغان ـــ
قېرىنداش تاجىكنىڭ سۆيۈملۈك يۇرتى.
تەپەككۇر كەپتىرىم قالدى سېنىڭدە،
يۈرەكتە چوغلانغاچ ئىشقىڭنىڭ ئوتى!

گوياكى باھارنىڭ سۆيىدەك ئويناپ،
كېلەرمەن قايتىلاپ سېنى كورگىلى.
ئەجرىدىن ۋەتەنگە شەرەپ ياغدۇرغان ـــ
يىگىت ـ قىز مەڭزىدىن قېنىپ سۆيگىلى.

1980 ـ يىل قەشقەر.

## دىمە!

بىر ئېرىق سۇدىن ئوتۇپلا، مەن دېڭىز كەچتىم دىمە،
بىر يۇتۇم سۇنى يۇتۇپلا ھەممىنى ئىچتىم دىمە.

بىر ئېرىق سۇ ئوكياننىڭ ئازغىنا بىر قەترىسى،
بىر يۇتۇمدۇر ـــ چوڭ دېڭىزنىڭ ئەرزىمەس بىر تامچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەرچە بىر تامچىدا كۈن نۇرى نامايەن بولسىمۇ،
ئۇ، هامان ئوكيان ئەمەس، قۇرغاق لىۋىنىڭ نەمدەلسىمۇ.

چوڭ بوران چىققاندا ئوكيان چايقىلار ئۆز ئورنىدا،
تامچىچۇ؟
پۈلەشكە بەرداشلىق بېرەلمەس تۇرقىدا.

بىر ئۆمۈر پۈتكۈل هاياتىنىڭ قەترىسى يا زەررىسى،
ئىلىم-پەن بولغاندا ئوكيان، سەندىكى بىر تامچىسى.

شۇڭا سەن چەكلىك هاياتنى توھپە قىل ئەل ئىشىگە،
تامچە سۇ هەر دەم شالاقلار تولمىغاندا شىشىگە.

تەلۋىلىكتۇر، تامچە سۇدىن مەن تامام قاندىم دېگەن،
پەن كىتاۋىنى ئېچىپلا هەممىنى بىلدىم دېگەن.

پەن دېگەن چەكسىز دېڭىزدۇر قانچە چوڭقۇر شۇڭغىساڭ،
سەن ئۇنىڭدىن نەپ ئالالمايسەن مۇكەممەل تۇرمىساڭ.

پو ئېتىپ يۈرمە نادانلىق ئىلكىدە، ئالغىن بىلىم،
يايرىسۇن ئوكيان-دېڭىزنىڭ سۈيىدە چاڭقاق دىلىڭ.



* * *

بىر ئېرىق سۇدىن ئۆتۈپلا، مەن دېڭىز كەچتىم دېمە،
بىر يۇتۇم سۇنى يۇتۇپلا هەممىنى بىلدىم دېمە!

1980 - يىل قەشقەر.

# باھار كەلدى

قۇياش يەڭلىغ چىرايلىق قىز كۈلۈپ شوخ جىلۋىگار كەلدى،
خازان بولغان دەرەخلەرگە چېچەكتىن گۈل تۇمار كەلدى،
دىماقلارنى يېرىپ باغدىن گۈپۈلدەپ خۇش ئىپار كەلدى،
بەخت-ئامەت قۇشى قايتا ئۇچۇپ لەپ-لەپ قاتار كەلدى،
كۆڭۈل بەزگەن بۇرۇختۇملۇق كېتىپ، ئەلگە باھار كەلدى،
سۆيۈنگەن دىل ئۈچۈن تاغدەك غۇرۇر ۋە ئىپتىخار كەلدى.

كۆڭۈلدە قالمىدى غەشلىك، زىياندىشلار جازالاندى،
تاياق-توقماق ئازاۋىدىن يىقىلغان جان مادارلاندى،
قۇرۇق قالپاقتا يەنچىلگەن قالاق ئىلغار باھالاندى،
ئېرىق-ئۆستەڭدىكى لاتقا ئېقىن سۇدا ئادالاندى،

كۆڭۈل بەزگەن بۇرۇختۇملۇق كېتىپ، ئەلگە باھار كەلدى،
سۆيۈنگەن دىل ئۈچۈن تاغدەك غۇرۇر ۋە ئىپتىخار كەلدى.

قۇلاق پۈتكەن "ئۇرۇپ-چاق"نىڭ يوقالدى ئەمدى غەۋغاسى،
تىنىچلىق ۋەسلىگە يەتتى ۋەتەننىڭ تاغۇ-دەرياسى،
ئېچىلدى ئىلمۇ-ھېكمەتنىڭ چىرايلىق غۇنچە بەرناسى،
يارالدى كەڭتاشا ئىمكان، تۈزۈلدى بەيگى سەيناسى،
كۆڭۈل بەزگەن بۇرۇختۇملۇق كېتىپ، ئەلگە باھار كەلدى،
سۆيۈنگەن دىل ئۈچۈن تاغدەك غۇرۇر ۋە ئىپتىخار كەلدى.

گويا رۇخسار تالاشقاندەك ئېچىلدى رەڭمۇ-رەڭ گۈللار،
تىلدىن نەزمە ياغدۇردى چۇشۇپ بەس-بەسكە بۇلبۇللار،
ئۇسسۇل ئوينىشتى چاچ يەلپۈپ سوگەت-تال ھەمدە سۇمبۇللار،
ئەجەپ چاپتى شامالدەك تېز يىراق مەنزىلگە دۇلدۇللار،
كۆڭۈل بەزگەن بۇرۇختۇملۇق كېتىپ، ئەلگە باھار كەلدى،
سۆيۈنگەن دىل ئۈچۈن تاغدەك غۇرۇر ۋە ئىپتىخار كەلدى.

بۈگۈن بەزمىگە سازەندەم يېڭى كۈينى چېلىپ كەلدى،
چېۋەر رەسسام ئىجات قىلغان گۈزەل سۈرەت ئېلىپ كەلدى،
تىيانشان بۇلبۇلى تىنماي غەزەلنى ياڭرىتىپ كەلدى،
شائىر قەلبى ھاياجانغا تولۇپ داستان يېزىپ كەلدى،
كۆڭۈل بەزگەن بۇرۇختۇملۇق كېتىپ، ئەلگە باھار كەلدى،
سۆيۈنگەن دىل ئۈچۈن تاغدەك غۇرۇر ۋە ئىپتىخار كەلدى.



ئەنە، ئۇ كەلدى مۇزتاغدىن — گۈزەل قار لەيلىزارىدىن،
ئەنە ئۇ، ئالمىلىق غۇلجا، قېتىق-قايماق بازارىدىن،
ئەنە ئۇ، قاش تېشى يۇرتى، ئانارلىق باغ ئۇزارىدىن،
ئەنە ئۇ، ئۈزۈمزار تۇرپان، كۈمۈشرەڭ پاختىزارىدىن،
كۆڭۈل بەزگەن بۇرۇختۇملۇق كېتىپ، ئەلگە باھار كەلدى،
سۆيۈنگەن دىل ئۈچۈن تاغدەك غۇرۇر ۋە ئىپتىخار كەلدى.

ئىجاتكار ياخشى پۇرسەت بۇ، ئىرادەڭدىن كەمەر باغلا،
تېرىڭدىن گۈللىسۇن كۆركەم قاقاس چۆل ھەم ئىگىز تاغلا،
خەلق نەپ ئالسا تامچاڭدىن ئۆزەڭنى بەختىيار چاغلا،
ئۇلۇغ توھپەڭ-ئىجادىڭدىن باھاردەك ياشنىسۇن باغلا،
كۆڭۈل بەزگەن بۇرۇختۇملۇق كېتىپ، ئەلگە باھار كەلدى،
سۆيۈنگەن دىل ئۈچۈن تاغدەك غۇرۇر ۋە ئىپتىخار كەلدى.

1980-يىل قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئابلىمىت ھاجى

# پارتىيىگە سالام

ئەسسالام!
ئالغىل ئەلەيك
ئۇيغۇر بالاڭـمەن پارتىيە؛
ھورمىتىڭگە چىن يۈرەكتىن،
مەن بۈگۈن شېئىر ئېيتىمەن.
سوز غەزىنەم ئاز كېلۇر
ساڭا توقۇشقا مەدھىيە؛
سەن ئۇزەڭ بار—
مەن ئۇزەمنى
بەختىيار ھىس ئېتىمەن.

قانچه يىل...
هارماي چېلىشتىڭ
بىر گۇزەر ئىستەك ئۈچۈن؛
شۇ چېلىشتىن ئاتتى پارلاپ،
بىزدە ئۆكتەبىر تېڭى.
ئەل ئۈچۈن قىلدىڭ ئاتا
بەختىيار بىر ياخشى كۈن؛
چۈشتى غۇلاپ ئۈستىمىزدىن
شۇندا زالىملار زېڭى.

يېزىلار — تويلار ياساپ
كىيىپ كىيىملەر رەڭمۇ-رەڭ؛
توقچىلىق داستۇرخىنىنى
ئاچتى ئەلگە كەڭتاشا.
جانلىنىپ قانچە شەھەرمۇ
گۈللىنىپ، ئاۋاتلىشىپ؛
زور خوشاللىق ئىلكىدە،
كوكتە قانات قاقتى راسا.

بارچە مىللەتلەر ئارا چىن —
ئىتتىپاقلىق ئورنىشىپ؛
بىر بىرىنى كەمسىتىشتەك،
پىتنە-ئىغۋا تۈگىدى.



"لىك" بىلەن "لىق" دېيىشەتتۇق
يۇرتۇ-ئەۋلات قوغلىشىپ؛
تەربىيەڭدە،
بۇ پالاكەت —
ئۈجۈقۈپ پەشۋا يىدى.

"كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ،
قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ"؛
دىگەن كەبى دەردۇ-ھەسرەت
ئەمدى بىزدىن بەك يىراق.
باي "غوجام"نىڭ ئالدىدا
سەبدەگە ئوخشاش ساغرىپ —
خورلىنىش تەڭسىزلىگىگە
سەن ئۈزەڭ ئۈردۈڭ پىچاق.

شۇ قارا تۈندە پىغانۇ-
دەرتتە سۇلغان دىخنىم،
ئەمدى ئۈملۈك باغچىدا
مېھنىتىدىن شادىمان.
بۇردا نانغا زارۇ-زار بوپ
غەمدە ئۆتكەن ئىشچىمۇ
ھەرقاچان، ھەر ئىشتا دەيدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كومپارتىيەم بولغىن ئامان.

زو مەھەل چىققان سەپەرگە
تۇرنىلار مەكتەپ تامان،
قەلبىنى چوغدەك بىلىمگە،
تولدۇرۇش ئارزۇسىدا...
ياش يىگىت كەتمەن تۇتۇپ
چىقسا ئېتىزغا، شۇ زامان،
مەشۇقى پەيدا بولۇر
قىزغىن چېلىشنىڭ قوينىدا.

بۇ مۇقەددەس شانۇ-غەلىبە
ئاجرىيالمايدۇ پەقەت،
پارتىيىنىڭ ئەل ئۇچۇن
ھارماي چىقارغان كۈچىدىن.
پارتىيە توھپەڭ يۈرەكتە
ئۇنتۇمايمىز تا ئەبەت؛
ۋەسسالام —
قىلدىم ساڭا،
خەلقىم دىلىدىن
مېھرىدىن.

1955 - يىل قەشقەر.



## چېلىش تەنتەنىسى

جاكالاپ بەختىمنى،
ئەرك
ۋە ئىشەنچىمنى،
ئاڭلا،
ئەي جاھان:
قىلىمەن بايان!
چېلىش تەنتەنىسى —
بەخت شاراپلىرىدىن،
شانلىق غەلىبىمىز —
بەش قولدەك ئايان.
مانا،
شۇنچە ئازادىمەن:
قىسىلمايمەن پەقەت.
ھەممىسى ھەقىقەت،
كوزنى چاقنىتىدۇ بەختىمىزنىڭ ئەينىكى.
بولۇپ قالدۇق بىز،
سىنارەتتىن تېز،

ئۇقبال يارىتىشىنىڭ ماھىر مىخايىنىگى.
سوزلە تارىخ:
جاھان سەيناسىدا،
ۋەتەنىنىڭ شوھرەت،
يېڭىلمەس قۇدرەت،
ئۇلۇغ ئىنئامىنى بېيجىڭ ھوزۇرىدىن.
قەھرىمان خەلق ئاتا شىر كەبى،
بېقىپ يىراققا، دەس تۇردى ئورنىدىن.
ئۇتمۇش —
ماتەم پۇرىغان قارا ئالتۇن ئامبارلىرىدا،
قان شورىغان —
ئىگىز تۇرخۇنلۇق ئوت بىچخۇنلىرىدا،
چېلىندى بەختىمىزنىڭ غالىپ زوۋانىگى.
ھايات ئۇچكەن،
يۇلتۇزلار كوچكەن،
شەھەر-قىشلاقلارنىڭ ئۇزگەردى تۇسى،
ۋە چېقىلدى زۇلمەت پاينىگى.
بىر چاغدا:
قىزىل بەلۋاغلىق بوۋام يۇرگەن،
مەرتلەر قېنى توكۇلگەن جىلغىلاردا،
تۇغماس تىڭلاردا،
ئاڭلىنار خۇش چاغ ھايات شەپىسى.



مۇڭلۇق ئەمەس ئەمدى،
نەسلىدىن خوشال
تاڭ قۇربانلىرىنىڭ گۇمبەز-قەۋرىسى.
كامالەت تاپقان،
قايغۇدىن يىراق
دىخان ئاكامنىڭ ئەمدىكى ئاۋات كەپىسى.
يوقتۇر زەررىچىلىك،
يىگىت كوكسىدە
"سۇيگۇ" جاپاسىنىڭ ھىجران توھپىسى.
قىز ئەمەس دەرتمەن،
يۇرەكتىن يۇيۇلدى،
ھەسرەتتە ئۇيۇغان قىزىل قان لەختىسى.
قاراڭلا،
دوستلار!
بۇگۇن بىز
يۇكسىلىپ تاغدەك،
ئۇزگىرىپ باغدەك،
كۇچىمىزدىن ماي چىشلىمەكتىمىز.
ھەممە بىر نىيەتتە،
جەڭگىۋار قوشۇن بولۇپ،
مىنۇت-سېكۇنتىسېرى ئوسۇۋاتىمىز.
بۇ مۇبالىغە ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىزدىكى تۇرمۇش —
يۈكسەك تەرەققىياتقا بولــدۇ ئۈلگە.
بىز ئەزەلدىن —
چېلىشچان خەلق،
چېلىشچانلىق ئاتا كەسپى بىزگە.

1956 ـ يىل قەشقەر.

# ۋەتەن ئىشقىدا كۆيسەڭ

ۋەتەننىڭ ئىشقىدا دوستۇم،
قۇياشتەك پارلىماي، يانماي،
كىشى ئۆمرىدە ھەرگىزمۇ
نىجات تاپماس، كامال تاپماس.
ۋەتەندىن ئايرىلىش، چەتلەش
ئاداشقان "ئىتقا ئوخشايدۇ"،
ئۇنىڭ قەۋرى ـ مازارىمۇ
غېرىپلىقتىن خالاس تاپـماس.
ۋەتەنگە جان تەسەددۇق، دەپ،
ۋەتەننىڭ ئىشقىدا كۆيسەڭ،
جېنىڭ بىرلە، قېنىڭ بىرلە



ۋەتەننى ئاسرىساڭ، سۆيسەڭ،
مۇبادا جان بېرىش كەلسە،
"ئانامـچۈن" دەپ ھالال ئۆلسەڭ؛
سېنىڭ نۇرلۇق پىشانەڭدە
قۇياش نۇرى ئەبەت پاتماس.

1957 ـ يىل ئاتۇش.

# كېچىدىكى ناخشا ئاۋازى

چېكىدۇ ھەر كېچە قۇلاق تارىمنى،
چېكىدۇ بىر ياڭراق ناخشا ئاۋازى.
مېنىڭ ناخشا دېگىنىم — يۈرەك تاشقىنى،
بىر ئىشچان يىگىتنىڭ ئىشقى ساداسى.
قايسى قىز ـ يىگىتنىڭ پاك يۈرىگىگە
ئىشقىنىڭ گۈلخىنىنى يېقىپ قويغاندۇ؟!
ياكى ۋەدىسىگە قىلماستىن ۋاپا،
مەسۇمە كۆڭلىنى چېگىپ قويغاندۇ؟!
كۈن كىرىپ،
ئاي كۆكتە كۈلگەن چاغدىمۇ،
جاراڭلار توختىماي شۇ ياڭراق ناخشا.

ئايمۇ مۇكۇنۇپ ئۇز ئۇردىسىغا،
يۇلتۇزلار قالدۇ...

يەنە شۇ ناخشا...

بارىمەن شۇ تامان قولۇمدا مىتىن،
ناخشىچى بالدىن ئېلىپ زور ھوزۇر.
قايىنغان ياشلىغىم ئۇتۇپ ئالدىمدىن،
ئېيتىمەن: ۋاھ، ياشلىق—

قانداقمۇ پۇزۇر؟!

قارىسام ھەۋەستە كوزۇمنى تىكىپ،
يىگىتمۇ تۇرۇپتۇ ئاتەش ئىچىدە.
دىلىدا پارلىغان شۇ يەڭلىغ ئاتەش،
ئەنشەننى يورۇتار ئاشۇ كېچىدە.
دومنىدىن شۇ ئاتەش—

ئەجدىھار كەبى—

لاۋۇلدار، بۇ يىگىت سەمەندەر ئۇزى.
ئۇ دەيدۇ:

"ۋەتەنگە قوشمەن توھپە!"

بۇ ئۇنىڭ قەسىمى، چىن يۇرەك سوزى.
ئۇيقۇسىز كوزلىرى ئاناردەك قىزىل،
نەچچە تۇن ئۇتكەچكە قىزىق جەڭ بىلەن.
كوكسىدە يالتىرار شەرەپ مېدالى،
رىكورتلار ياراتقاچ ئەقىل-پەم بىلەن.



"ھە، ئىشقى شۇ ئىكەن"—

دىدىمدە شۇ چاغ،

كوڭلۇمنى بىر يۇكسەك تۇيغۇ چولغىدى.
شۇ باتۇر پولاتچى يىگىت ناخشىسى،
قەلبىم دەپتىرىگە مەڭگۇ ئورنىدى.
ھاياجان ئىلكىدە يىگىتكە دىدىم:
ئېيتىپ باق!

ئەي يىگىت ئېيتىپ باق قېنى،
شۇنچىمۇ تۇگىمەس ناخشا بولامدۇ؟!
ھالال تەر-ئەجرىڭدىن تېپىپسەن شەرەپ،
سېنىڭ ئۇ قامىتىڭ تاشتىن بولامدۇ؟!

* * *

چېكىدۇ ھەر كېچە قۇلاق تارىمنى،
مېھنەت خۇمارلىرىنىڭ ناخشا ئاۋازى.
مېنىڭ ناخشا دىگىنىم—پولات ئىشقىدا،
كۇرىشۋاتقانلارنىڭ غەيرەت-
ساداسى.

1958-يىل ئەنشەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# گۈل

زوقلىنىپ بارسەن تاغنىڭ بويىدا،
يۈرەكنى سەگىتىپ ئوقۇپ غەزەللەر.
سەھەردە يۈز ئاچقان گۈللەر شىخىدا،
بەزمىلەر قۇرۇپتۇ ئىشقى گۈزەللەر.

سورىسام گۈزەللەر ئېيتىدۇ: "بۇ، گۈل،
خەنسۇ ھەم موڭغۇلنىڭ... ئۇستۇرگەن گۈلى".
ئېخ... ئەجەپ بىر تەكشى ئۆسكەن بۇ گۈلزار،
دىمەككى، ئوخشاشكەن مېھنەتكەش قولى.

1958 – يىل ئىچكى موڭغۇل.

# تاڭ چېچەكلىرى

تاڭ چېچەكلىرى،
بەختى كۈلگەن باتۇر يۈرەكلەر.



سۈيۈملۈك ۋەتەن،
ئۇستۇرگەن گاڭ تەن،
جەڭگىۋار ساپ دىل بۈيۈك قۇدرەتلەر.
بىزدە زور خىسلەت،
مېھىرلىك شەپقەت،
چېچەكلەر ئۈچۈن ئىسسىل ھورمەتلەر.
بىزنىڭ ۋەتەندە،
بەختىيار ئەلدە،
سىلەرگە مەنسۇپ شانۇ-شوھرەتلەر.
سىلەر
بىز ئۈچۈن ئىشلەشنى بىلىپ،
ئىزىمىزنى يورۇتىدىغان
غالىپ ئىشلارنىڭ ۋارىسى.
ھە،
سىلەر بىلەن ھەل
بولىدۇ جەزمەن
كىشىلىك ھاياتنىڭ ئالى غايىسى.
چېچەكلەر،
پارتىيە شەرق گۈلزارىدا،
سىلەر ئۈچۈن ياسىدى باغلار.
قوغداپ ئۇنى
يوچۇن مەخلۇقتىن،

ئۇستۇردى گۇللەر، غۇنچە، ياپراقلار؛
قېنى يۇرۇڭلا!
بىزمۇ
قوغداپ باغنى،
قايىنتىمىز قىزغىن كوكۇللۇك چاغلار.
ئەي چېچەكلەر
كوز-قۇلاق بولۇڭلار ياۋا ئوتلاردىن!
بۇ باغ ئۇچۇن بىز،
جەڭ قىلىپ بەرگەن نۇرغۇن قۇربانلار.
بىزنىڭ بەختىيار ئەلدە،
ھەممە سىلەرنىڭ،
بىز كېتىمىز تاپشۇرۇپ ھامان.
(بۇ تارىخنىڭ ھوكمى)
يۇرۇڭلار
چېچەكلەر،
ئىلىم-ھۇنەرگە مارش!
مارش بىلەن ئىستىقبال تامان!
چېچەكلەر،
تاڭ چېچەكلىرى،
ئۇلۇغ قايىنامغا قىلىڭلا سەپەر.
باغلار ئاسرالسۇن،
گۇللەر ساقلانسۇن،



چىن يولداش بولسۇن سىلەرگە زەپەر.

1959-يىل قەشقەر.

# ئېتىزلىقتا

كېتىپ بېرىپ ئۇرغۇپ چىققان ناخشىلاردىن،
كېۋەزلىكتە بىر توپ قىزلار كورۇپ قالدىم.
ماپمۇ گۇللۇك دوپپىلىرى زەپ ياراشقان،
كېتەلمىدىم قۇشتەك ئەگىپ كېلىپ قالدىم.

كېۋەزلەرمۇ خوپ ئوخشىغان بوي تارتىشىپ،
ئىشچانلارنىڭ بېرىگادىسىن بىلىپ ئالدىم.
مېھنەت ئۇلۇغ، مېھنەت شەرەپ، مېھنەت بەخت،
كۇمۇش يايغان پاختىزاردىن ھوزۇرلاندىم.

ناخشىلارنىڭ ئاۋازلىرى ۋاھ...زەپ غۇرۇر،
كوڭلۇم خوشال لەززەت ھىسقا چومۇپ قالدىم.
شۇنچە چېۋەر قىزنىق جەڭدە ئىدى ئۇلار،
ئۇمىتۋارلىق خىياللاردا كېزىپ قالدىم.

www.uyghurkitap.com

ئازات ناخشا كۈيلەر ئىدى ئازات مېھنەت،
يۈرىگىمنىڭ تەخسىگە ئېلىۋالدىم.
نىمىسى كەم، زامان تۇرسا ئۆزىمىزنىڭ؟!
ئورنەك بولدى، قوشىغىمغا قېتىۋالدىم.

قوشماقلاركەن بىر بىرىگە قۇيۇپ قويىغان،
ھەممىسى تەڭ ئىشچانلاركەن نەزەر سالدىم.
سول ئالدىدا قارا قۇمچاق بىر قىز مانا،
شۇڭا قاراپ بىر ھازاچە تۇرۇپ قالدىم.

مەس بوپتىمەن، پىخلىدنىشىپ ئىشچانلارنىڭ—
ماڭا قارىشىپ كۈلگىنىنى سېزىپ قالدىم.
ئۇ قىزمۇ ھەم كۈلۈپ قويدى، يۈرىگىدە—
مۇھەببەتنىڭ نۇزۇك ھىسىن تۇيۇپ قالدىم.

بۇلار ئازات زامانەمىنىڭ ھور قىزلىرى،
سۈرىتىنى ئاپاراتتا تارتىۋالدىم.
ئەكە قىزلار بىلىپ قالدى قارىشىمدىن،
قارا قۇمچاق ئىشچان قىزغا كويۇپ قالدىم.

1959 – يىل قەشقەر.



# قىش بوۋايغا جاۋاپ
(بىر شائىرغا تەقلىت)

تاڭ سەھەر بىلەن ماڭدىم ئېتىزغا،
ئۇشنەمدە كەتمەن، قولۇمدا ئاغار.
قىش بوۋاي دىدى: "نەگە ئەي يىگىت—
تېخى كەلمەستىن ئىش پەيتى—باھار؟"

ۋىڭىلداپ ئۆتكەن شۇۋىرغان-جۇدۇن،
ھەرىدەك چېقىپ ئۆتەتتى جانىدىن.
كوزۇمنى تىكىپ چەكسىز ئېتىزغا—
شاتلاندىم، بەردىم جاۋاپنى ئاندىن:

"بىزدە پەسىللەر ئۆتمەيدۇ بىكار،
(ياز، كۈز، قىش، باھار ئىش بىلەن قايناق)•
چۈنكى قەلبىمىز دائىم باھاردۇر،
قىشتىمۇ مېھنەت، ناخشىمىز ياڭراق•

بەختىمىز گۈلى گۈللەيدۇ يازدا،
قىشتا ئاققۇزغان ھەر تامچە تەردىن•

شۇڭا قىش بوۋاي ئېلىۋال جاۋاپ،
ئالدىڭدا — كۆزدىن، ئالتۇن خاماندىن".

1960 - يىل ئاتۇش.

# فابرىكا ئىلھامى

مانا —
سېخلارغا باستىم قەدەم،
قىز - يىگىتلەر — ياش غۇنچىلار
(جىگجۇ گۈلىمۇ بار بۇ يەردە)
ئەمگەكتە قايىنىغان.
گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز بېرىپ،
غەلىبە ناخشىسى بىلەن
ئۇستانوكلار تىنىماي سايرىغان.
ئوخشايدۇ بۇ يەر —
گۈزەل قىزنىڭ كەشتىسىگە،
بىر گۈللۈك باققا.
قىلنى قىرىق يارغاندەك:
ئۇندا ئاتتى،
ئۇندا ئىگىردى،
ئۇندا توقۇدى...



مانا، رەختلەر —
تاي - تاي بولۇپ ئايلاندى بىرتاققا...
سېخلاردىن چىقتىم،
يۈرىگىمدە ھاياجان.
ئېيتىشقا ھەقلىقمەن شۇنى:
تۇنۇگۇنكى خارابىلىقتا —
بۈگۈن قەد كۆتەرگەن فابرىكا...

1961 - يىل قەشقەر.

# چىگرا بۇركۇتى

كېچە...
تاغ چوققىسىدا بۇلۇتلار توپى —
گۈرۈلدەر،
چېپىشار ھەريان —
ۋە چېقىلار دەھشەتلىك چاقماق.
شىۋىرغان - قۇيۇنلار
چىقىرار:
قارلارنى ئېتىپ
پىقىرىتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇيۇلار ئاسماندىن
شىددەتلىك مولدۇر،
گويا بولۇپ بىر توقماق.
ھاۋا مۇزلىغان،
تاغ مۇزلىغان،
ئاچچىق سوغ ئۇرىدۇ نەشتەر.
بىر تەرەپ ھاڭ،
بىر تەرەپ چوققا،
ئاجايىپ دەھشەت،
ئاجايىپ خەتەر.
ئاما،
بىزنىڭ بۈركۈت — تاغ پالۋىنى،
بەستىنى تىك تۇتۇپ تۇرار چوققىدا.
چاقماقلار،
قۇيۇنلار قىلسىمۇ ھەيۋە،
نە ئۇنىڭ تەۋرىسۇن بۇرۇتى.
گەر ئالەم مۇز بىلەن قاپلانغاندىمۇ،
گەر ئالەم سۇ بىلەن چايقالغاندىمۇ،
گەر ئالەم ئوت بىلەن كويگەن چاغدىمۇ،
يىگەر ئۇ،
چۈنكى، يېڭىش تۇغى ئۇينار قولىدا.
ئۇ، غالىپ ئەلنىڭ غالىپ قوشۇنى.



مانا،
ئۇنىڭ يۈرىكى — قەلبى
يانىدۇ ۋەتەننىڭ ئوتلۇق ئىشقىدا.
ئۇ گۈزەتمەكتە زەڭ قويۇپ چېگرا؛
ئۇنىڭغا تونۇش يېقىملىق بىر ئۈن،
بىر دەستۇر بولۇپ —
ئۇچار خىيالىدا...
"تۇغۇپ ئۇستۇردۇم،
ئەر بولدۇڭ پۈتۈن،
قېنى، بار ئەمدى —
سەن ۋەتەنگە تەقدىم.
ۋەتەنچۈن ئايىما ھەرگىز جېنىڭنى،
مانا شۇ ئۈمىدىم،
مانا شۇ بەختىم.
بىخۇتلۇق،
ئاڭقاۋلىق ئار بولسۇن ساڭا،
چېگرىدىن ئۆتكۈزمە ھەتتا يات شامال.
رازىمەن شۇندا بەرگەن سۈتۈمدىن،
تىلەيمەن كۈنۈ — تۈن ئىشىڭغا كامال".
ئاپپاق چاچ مومايىنىڭ ھەر جۈملە سوزى،
ئۆچمەس،
ئۆرپىماس ئالتۇن تامغىدەك —

بۇركۇت قەلبىگە يېزىلار ئىدى.
ئۇنىڭ ساپ يۈرىگى—
كوكرەك تېمىغا،
خۇددى،
خۇددى خۇاڭخېنىڭ دولقۇنىدەك—
ئۇرۇلار ئىدى...
ئۇ ماڭار چىگراغا—
ماڭار ئاتلىنىپ،
ئالقىش-سادالار ياڭرايتتى كوكتە.
مىڭ-مىڭلىغان جۇپ قارا كوزلەر،
ئۇنىڭغا ئۇمىتلىك تىكىلەر چەتتە.
بۇركۇت—
مەغرۇر بىر نەپەس ئالدى،
ھەم تاشلىدى ئەتراپقا نەزەر.
ۋەتەننىڭ ھەر بىر توپ گىيا-دەرىخى
چاۋاكلار چېلىپ، ئۇسۇللار ئويناپ،
تىلەيتتى بۇركۇتكە ئامانلىق-زەپەر.
بۇركۇت—
خىيالدىن يىغدى ئوزىنى،
قەلبىدە ۋەتەنچۇن ئالى ئېھتىرام...
جادۇگەر قۇيۇنلار سالسىمۇ دەھشەت،
قەلبىدە زور ھوزۇر سېزەتتى تامام.



* * *

ئېخ، بۇركۇت!
قەھرىمان، ئۇلۇغ ئارمىيە،
ئېخ، بۇركۇت!
ۋەتەننىڭ پىداكار ئوغلى،
سەن باركى:
مۇقەددەس ئەل—يۇرتۇم ئامان.
شەھەر ئامان،
تاغ ئامان،
قىشلاقلار ئامان.
يەتكۇزسۇن ئابلىمىت ئەل ئاۋازىنى:
سېنىڭدىن رازى بىز،
رازى ھەر قاچان.

1962-يىل ئاتۇش.

## سەھەردە

كەتمىنىمنى ئېلىپ چىقسام ئېتىزغا،
يۇزۇمنى سۇيدى سەھەر سالقىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەلبىمدە چەكسىز شاتلىق قوزغىدى،
بۇندا قايىنىغان مېھنەت دولقۇنى.

كىشىلەر قىزغىن ئىشلەر بەيگىدە،
باھار ناخشىسى ئۇرغۇيدۇ چاك ـ چاك.
ئاخشامقى "تاغ"نى ئېتىزدا كورۇپ،
دىدىم: قەھرىمان ئىشچانلار ياشاك!

ئېتىزنىڭ قوينى خۇددى بىر جەڭگاھ،
جەڭ قايناتقان ئوغۇت كارۋىنى.
بەخت ئىلكىدە لاۋۇلداپ يانار،
مېھنەت خۇمارلىرنىڭ يۈرەك يالقۇنى.

ئوغۇت سەپكۈچى سادىر بوۋاينىڭ،
شاناز كەتمىنى ئويىنار قولىدا.
نىمە ئالدىراش؟ دىسەم، ئۇ دىدى:
"يىلنىڭ ئاچقۇچى ــ باھار قولىدا".

1962 ـ يىل قەشقەر.



## تېرىمچىلار

پوشكالدەك يەرنىڭ باغرىنى تىلىپ،
ئاتلار بارماقتا تارتىپ ساپاننى.
قىزلار قولىدا سىيالكا رولى،
زەپ تەكشى قۇرلاپ سالماقتا داننى.

ئارقىدا گويا ئىنژىنېرلاردەك،
تېخنىك گۈلبەھرەم بارار تەكشۈرۈپ.
ھەر دان ـ ئۇرۇقنى كورگەندە ئېيتار:
"بولمىغىن زايا، بىخلان، چىق ئۈنۈپ.

بىردىكى ئۈمىت ــ ئېلىش تەر توكۈپ،
ھەر دان ـ ئۇرۇقتىن مىڭ دانلاپ ئاشلىق.
باھار پەسلىدە چاپساق بىر ئاتلىق،
كۈز پەسلىدە ئاندىن بولىدۇ تاتلىق".

1962 ـ يىل قەشقەر.

# ئېتىز گۈللىرى

ئۈپۈق قىزاردى،
قۇياش نۇر چاچتى
پايانسىز ئېتىز قۇچاقلىرىغا
ئوت تۇتاشتى،
گۈلخان ياندى
قاينامغا —
مېھنەت ئوچاقلىرىغا.
ئېچىلدى ئالدىمدا
گۈزەل مەنزىرە...
چىقتى سەپ تارتىپ ئېتىز گۈللىرى.
ئۇچتى كۆكلەرگە جاراڭلىق ناخشا،
شاتلىق ئىچىدە ئاققۇدەك ئۈزۈپ،
قاينىدى مېھنەتنىڭ شۇ دۇلدۇللىرى.
دىدىمەن ئۇلارغا قاراپ،
زوقلىنىپ:
ئەي مېھنەت ئاشىقى —
ئېتىز گۈللىرى،



دالىنى چىرايلىق ياساندۇرغانلار؛
ئۇرغىتىپ غەيرەتنى،
تەرلەر ئاققۇزۇپ،
بەختىيار ھەم گۈزەل تۇرمۇش قۇرغانلار.
سىلەر —
خۇددى باھار چېچىگىدەك،
قەلبىڭلار كەڭ —
جاھان ئېتىگىدەك.
ئەقىل-ئىدرەك
ھەم كۈچۈڭلاردىن
بوستان قۇردۇڭلار،
ھەممە سۆيگىدەك...

1962-يىل قەشقەر.

# ئالقىش

يىراق يەردىن كۆزلەر تىكىپ، كۆڭۈللەر شات،
گۈلۈم بىلەن ناخشا ئېيتىپ باراتتۇق.
ئالدىمىزدا بوك-باراخسان بىر ئورمان —
يەلپۈنمەكتە، ئالدىرىشىپ قارايتتۇق.

بولۇق ئىدى، تەكشى ئىدى، ھەم قويۇق،
يۈرەك ئويناپ ئىلھام-ھەۋەس ئالاتتۇق.
چاتاقلىغان بەرگى-شېخى ھەر تامان،
ساپ ھاۋالىق ئىشقى بىلەن ياناتتۇق.

ئىشىنەتتۇق ئاۋاز كەلسە شىرىلداپ:
"بۇلاق بارغۇ بۇ ئورماننىڭ ئىچىدە".
دېيىشەتتۇق: "سەيلە قىلىپ ئوينىساق،
قانداق ياخشى، مۇشۇ ئايدىڭ كېچىدە".

كوكۇل شۇنچە قىزىق ئىدى، ئوت ئىدى،
خوشاللىقتىن جۇش ئۇراتتى ھاياجان.
يېتىپ كەلدۇق، قارىدۇق-دە، قالدۇق تاڭ،
ئورمان دېسەك، ئەمەس ئىكەن بۇ "ئورمان".

ئالقىش دىدۇق ئىشتا چىۋەر قوللارغا،
ئېغىناپتۇ چەكسىز ئېتىز-بوغدايلار.
قونۇۋالدۇق شۇ بوغدايغا-شاخلارغا،
ئىش-ئەمگەكنىڭ ئىشچانلىرى — تورغايلار.

1963-يىل قەشقەر.



# يايلاقتا باھار

چىرايلىق ياساندى پامىر قۇچىغى،
قايىندى ۋاراقشىپ ھايات بۇلىغى.

*   *   *

ھەرجانغا يېقىملىق ھوزۇر بېغىشلاپ،
يايلاقتا كۈيىنى كۈيلەيدۇ شامال.
تۈلۈمدەك قوي، كالا، قوتاز، ئىلقىلار،
ياپ-يېشىل ئوتلارغا چومۇلۇپ ئويناپ —
بەھۇزۇر ئوتلىشىپ تاپماقتا كامال.

بىر ياندا چىمەنلەر بەرگىنى سۈيۈپ،
ئاقماقتا بېرلىيانتتەك ئەنە تاغ سۈيى.
ئاسمان-يەر تۇتاشقان كوك گۇمبەز گويا،
باشلاردا ئەگىيدۇ ۋىچىرلاپ قۇشلار،
ئۇنىڭغا جۇر بولۇر پادىچى نېيى.

سائادەت سىردىشى بۇ ۋادا بويلاپ،
جاراڭلاپ ئاڭلىنار مېھنەت قوشىغى

بارماقتا باھارنىڭ تويىنى تويلاپ،
يايلاقتا ئەڭ گۈزەل كەشتىلەر سىزىپ،
قەلبىدە قۇياش يانغان ئادەملەر سىپى.

1964 ـ يىل قەشقەر.

## باھار شاملى ئۇچۇپ ئۆتكەندە
(جەڭچى تىلىدىن)

تىك چوققىلار قۇچاقلاشقان ئاسمان بىلەن،
شۇ چوققىدا مەن جەڭگىۋار گۈزەتتىمەن.
ئانا يۇرتقا سۆيگۈ ـ مېھرىم يالقۇنلىغان،
قىزىل يۈرەك، قاتتىق سوڭەك بىر جەڭچىمەن.

جەڭچىگە خاس ھۇشيارلىق ۋە خىسلەت بىلەن
تىك تۇرىمەن گىرانات ھەم مىلتىق ئېسىپ.
دەيمەن: ماڭا بارمۇ بۇندىن ئارتۇق بەخت!
بەختلىكمەن ئەلنى قوغداش بولغاچ نىسىپ.

چوققىلارنى قۇچۇپ ياتار ئاپپاق قارلار،
ھەر جىرادا كوك شىشىدەك مۇز نوكچىسى.



قايسى پەسىل بۇندىن كەتتى، قايسى كەلدى،
مۇھىت ئوخشاش، بىراق دىلدا باھار ھىسسى.

مانا شۇ تاپ ئۇچۇپ بىر خىل ئىللىق شامال،
يۈزلىرىمنى زەپ يېقىملىق سۆيۈپ ئۆتتى.
"يۇرتىمىزغا كەلدى باھار — يىل ئاچقۇچى"،
دىدى ماڭا، يان ـ يېنىمدىن ئويناپ ئۆتتى.

شۇندا ۋەتەن گۈل ھوسنىدە كوردۇم باھار،
ھەممە يەردە قىزىپ كەتكەن مېھنەت تويى.
دىل راھىتى بوستانلاردا ئۈزۈلمەستىن،
جاراڭلايدۇ كاككۇكلارنىڭ ناۋا ـ كۈيى.

ئەسكە ئالدىم — مەن ئون ياشقا تولغان چاغدا،
ئانام دىگەن: "ئارزۇيۇم سەن جەڭچى بولساڭ!
ساڭا بەرگەن ئاق سۈتۈمگە رازى ئىدىم،
ئەلنى قوغداپ، دۈشمەنلەرنى يەرگە ئۇرساڭ!"

جېنىم بىلەن ئاقلايمەنكى بۇ ئۈمىتنى،
تاغدەك مۇشكۇل تەۋرىتەلمەس مويىمنىمۇ.
ئالدۇرمايمەن غېرىچ يەرنى، بىر تال گۈلنى،
بىر جېنىمغا مىڭلاپ دۈشمەن كەلگەندىمۇ.

يەتكۈز شامال... ئەل-يۇرت ئۈچۈن چېلىشتىمەن،
ئەل-يۇرتۇمۇ قايناق ئۇتسۇن بۇ باھاردىن.
ئەجرىمىزدىن قەد كوتەرسۇن زەپەر تېغى،
باشلىنىدۇ "ئومۇر ياشلىق، يىل باھاردىن".

سالامىمنى ئېلىپ ئۇچقۇر باھار شامىلى،
چەكسىز، گۈزەل ۋەتەن بويلاپ ئۇچۇپ كەتتى.
مەن تۇرىمەن مۇز چوققىدا بۇركۇت كەبى،
يەر-جاھانغا ئاسمان قىزى—ئاي نۇر توكتى.

1964-يىل ئاتۇش.

# مۇسابىقەنامىگە جاۋاپ

قىيام ئىدى،

ئىدىم ئېتىز قويىنىدا،
دوستۇم ھەسەن خېتىنىڭ تەگدى توساتتىن.
"بەسلىشەيلى" دىگەن. سوزنى ئوقۇپلا،
ئىرادەمۇ يۇغۇرۇلدى پولاتتىن.

"چولپان گۇڭشې" "بوستان دادۈي" ئەزاسى،
گۇڭچېڭتۇەنيۈەن قىزىل يۇرەك ئاۋۇتقا؛



بەس-بەس بىلەن جەڭلەر ئارا ئۇرلەشكە،
چاقىرىمەن ھوسۇل ئۇچۇن پۇرۇنتقا.

گۇڭچېڭتۇەن ئەزاسىمەن، دىخانمەن،
تائەبەتكە پەرۋانىمەن دەۋرىمگە.
خىزمەت قىلىش—پىشانەمدىن تەر توكۇش،
قۇربان بولۇش شەرىپىمدۇر خەلقىمگە.

ياشلار ئەلنىڭ يۇكسەك كۇچى، بايلىغى،
ياشلاردا بار غەيرەت، ئەقىل-پاراسەت.
دوستۇم ئاۋۇت!
مۇسابىقە-بەيگىدە،
بەسلىشەيلى ۋەتەن تاپسۇن كامالەت".

شۇنچە ئىسىل، جاسارەتلىك سوزلىرىڭ،
مىنى قانداق ئوز ئىلكىگە ئالمىسۇن؟!
مانا،
تۇرسام جەڭ-كۇرەشنىڭ ئەۋجىدە،
قەلبىم قانداق ئورلەش ئۇچۇن يانمىسۇن؟!

مانا، كەتتىم ئۇتۇقىرى سەپەرگە،
كۇرەشلەردە ھارماي داۋان ئاشىمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر مو يەرگە مىڭ جىڭ ئاشلىق كەلتۈرۈپ،
ئۇلۇغ چېلىش قايىنىمىدا تاشمەن.

سەنمۇ ئوقۇپ خىسلىتىمنى گېزىتتىن،
خەت يېزىپسەن ئۈمىت كۈتۈپ مېنىڭدىن.
بەسلىششتە ئاقلالمىسام ئۈمىتنى،
كېچىپ كېتەي يىگىت دىگەن ئېتىمدىن.

1964 ـ يىل قەشقەر.

# بوزغۇندا قىزىلبايراق

قارايمەن ئىككى كوزۇم مىڭ كوز بولۇپ،
ئەي بوزغۇن زەپ تولۇپسەن قىزىللىققا.
تېپىپسەن غەلىبە ـ شەرەپ، چىن ئەگىشىپ ـــ
جانىجان پارتىيىگە، قىزىللىتۇققا.

بۇ زامان، دەۋرانىمىز نۇرلار توككەن،
خەلقىمىز تېرى ـ ئەجرى گۈللەر توككەن.
"ھۇقۇشلار جاي ـ ماكانى"، "تۇز ئامبىرى"
دىگەن ئات كەلمەس بولۇپ مەڭگۇ كەتكەن.



داڭجىزبۇ بىر قۇدرەتلىك قورغان بۇندا،
شۇجىسى باتۇر ئوغلان ـ تاغ بۇركۇتى؛
دۇشمەنگە زىمىستان سوغ، نەپرەتلىك كوز،
خەلققە يالقۇنلايدۇ مۇھەببىتى؛

كۈندۈزى كەڭ دالىدا قاقسا قانات،
كېچىسى ماخودا ئۇ ئات باققۇچى؛
ئۇ شۇنداق تىنىم تاپماس ئىشچان كىشى،
سوزلىسەك تۈگىمەيدۇ، كوپ خىسلىتى.

ئەزالار شۇنچە بۇيۇك، مەزمۇت بىر تاغ،
داڭجىزبۇ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان زىچ.
پارتىيە سىزىپ بەرگەن چوڭ يول بويلاپ،
سەپ تۈزۈپ ماڭغان ئالغا، تايمىغان ھىچ.

جۇش ئۇرار يۈرىگىدە ئۇلۇغ غايە،
جۇش ئۇرار دەۋرىمىزگە مۇھەببىتى.
بوزغۇننى سۇيۇپ جاندىن ئۇچۇشىدۇ،
بوپ گويا ئىلگىرىلەشنىڭ تۇلپار ئېتى.

پايانسىز ئېتىزلارنىڭ ئىشقى ـ مېھرى
ئۇيۇلغان ھەر يۈرەككە بولۇپ نەقىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇت پەسىل جاراڭلىغان ناخشا ـ كۈيلەر،
يىللارنى ئۇلاشتۇرۇپ قايىنغان ئىش.

ھوكىرەپ بوران كېلىپ "كۈيىقاپ" تىن،
قۇم، شورلار بېسىۋالسا گۈلىستاننى؛
يېڭىشقان يۈيگۈك بولۇپ جاسارەتتە،
ئاشلىق، ماي، پاختا ئۈچۈن تىكىپ جاننى.

ئۇت يېقىپ كائىناتقا كەلسە قۇرغاق،
كولاشقان تىنىپ ياتقان بۇلاقلارنى.
قاپاقتا سۇ توشىغان ئېتىزلاردا،
ياراتقان سان ـ ساناقسىز قۇدۇقلارنى.

ئۆلغارلىق، ياخشىلىقنى قىلغان ئۈلگە،
چىلىك تۇتقان ئۇز ئەجرىگە تايىنىشنى.
ھىساپنى ئاچقان ئۇلار بىر لى پۇلدىن،
ئارزۇ قىلغان بىر گۈلىستان باغ قۇرۇشنى.

مەرت بولۇپ ئۆتكەن شۇنداق سىناقلاردىن،
ئۇلاشقان ئاخىر زەپەر بايرىمىغا.
بەرپا قىپ يەر ئۈستىدە گۈزەل "جەننەت"،
چومۇلگەن خوشاللىقنىڭ قايىنىمىغا.



* * *

كوزلەرنى قاماشتۇرار بىنىر سىرىم يەر...
كۆزلەر زەپ ئوخشىغان بوي تارتىنىشىپ.
ئېتەكلەر تولغان ئاپپاق پاختىلارغا،
ئىشچانلار بارار بۇندا سول تارتىشىپ.

قوناقلار تەۋرىنىدۇ يەل ـ شامالدا،
تاۋلىنىپ خۇددى سېرىق تاۋارلاردەك.
قارىساڭ ئەكس ئېتىدۇ كوزلىرىڭدە
مول ھوسۇل خامانلىرى ئاسمان پەلەك.

كۆمۈشتەك پاقىرايدۇ تاش ئۆستەڭلەر،
ئاقىدۇ زىلال سۇلار ئويناقلىشىپ.
ئۆتىدۇ قانچە بىتون زاكولاردىن،
سۇيۇشەر ئېتىزلارنى قۇچاقلىشىپ.

تاناپتەك تۈپ ـ تۈز كەتكەن تاش يوللاردا،
ئۈزۈلمەس يولۇچىلار كارۋانلىرى.
ئۆتىدۇ ئات ھارۋىلار، ماشىنىلار،
ئۆتىدۇ سانسىز مېھنەت پالۋانلىرى.

بوستاندا قەد كوتەرگەن ئاپپاق ئويلەر،
تۇرىدۇ ۋاگونلاردەك قاتارلىشىپ.
سائادەت قوشاقلىرى جاراڭلايدۇ،
ياشايدۇ چېلىشچانلار شات يايرىشىپ.

تىراكتۇر گۈكىرەيدۇ كەڭ دالىدا،
كېتىدۇ يىراقلارغا ئاۋازلىرى.
"ئىگىز يەر يايلىغى"دا يايلار كەڭرى
ئات، كالا، قوي ھەم ئۆشكە، تايلاقلىرى.

* * *

ئەي بوزغۇن، ئورلە يەنە، ئۈچ، ئالغا باس!
ئورلىگىن، مەڭگۈ تايماي توغرا يولدىن.
تېخىمۇ گۈزەل، پارلاق يىراقتا باق،
بايراقدار شەرىپىڭنى بەرمەي قولدىن!

1965 ـ يىل بوزغۇن.

## غالىپ پاختەكلى، ئورلە پاختەكلى

پاختەكلى، پاختەكلى،
ئېخ!...



ئۇلۇغ ۋەتەنىنىڭ گۈزەل ۋادىسى،
ئېخ!...
قۇياش نۇرىغا چومگەن گۈلىستان.
ئېلىشىپ قارا دىل قۇزغۇنلار بىلەن،
چېلىشىپ تەبىئەت ـ يەر ـ ئاسمان بىلەن،
زەپەرلەردىن يازدىڭ ئۆچمەس قىسسە ـ داستان.
قۇچىغىڭدا يۈز ئاچتى يېپ ـ يېڭى باھار،
ئېخ!...
پاختەكلى ـ يۇرتلار ئارا بولدۇڭ چولپان...
پاختەكلى، پاختەكلى،
چەكسىز سۆيۈنۈپ قارايمەن ساڭا،
خەلقلىرىڭ قەلبى ـ ۋاھ، قانداق گۈزەل!
ھەر قەلبتە ئارزۇ، ئەڭ يۈكسەك پىلان.
قوللاردا قوش قورال ـ مىلتىق، كەتمىنى،
جەڭدە قەھرىمان، ئەمگەكتە پەھلىۋان.
گەر دۈشمەن ۋەتەنگە كوز ئالايتاركەن،
ئەجەللىك دەككىسىنى بېرەر شۇ زامان.
پاختەكلى، پاختەكلى،
قوينۇڭدا دولقۇنلار ھايات دەرياسى.
بىر ياندا جەڭگىۋار كۈرەش دولقۇنى،
بىر ياندا شەرەپلىك مېھنەت شاۋقۇنى،
پەلەكتە ياڭرايدۇ ناخشاڭ ساداسى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

دالىنى تىترىتىپ پولات ئات كىشنەر،
بوستاندا قۇشلارنىڭ خوشال ناۋاسى.
گوياكى ئەتلەستىن كوينەك كىيگەندەك،
گۈزەللىككە تولۇپ ياسانغان ئەتراپ.
ئەجەپ خۇش پۇراقلار كېلەر ھەر ياندىن،
شاخ-شاختا مۆلەر تۇرار ساڭگىلاپ.
ئېخ!...
شۇنچە مەمۇرچىلىق، توقچىلىق، بەركەت،
ھەر چېچەك، ھەر پىلەكتىن ئاقىدۇ شەرۋەت.
تاۋارنىڭ كىسىگىدەك مۇنبەت ئېتىزلار،
بولۇق باشاقلارغا تولۇپ ياتىدۇ رەت-رەت؛
تەۋرىتىپ ئوينىشار ئەركى شاماللار،
بەئەينى چايقالغان بىر دېڭىز ھەيۋەت.
ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرار خامانلار،
ساڭلارغا ئاشلىقلار تولماقتا قەۋەت...
تاناپتەك سوزۇلغان يوللار ھەر تامان،
قاتار-قاتار ئورمانلار تاشلىغان سايە.
بۈككىدە باراخسان گۈلشەن ئىچىدە،
يېپ-يېڭى، ئاپپاق، ئازادە ئويلەر.
بەختىيار زامانغا ئاپىرىن ئېيتىپ،
ياشايدۇ بۇ ئويدە خوشال دېخانلار.
تۇرمۇشى پاراۋان، پارلاق ئەتىسى،



كۈنسېرى باياشات ئۆتىدۇ كۈنلەر.
پاختەكلى،
ياڭرايدۇ گۈزەل قوينۇڭدا،
ھور ھايات توغرىلىق ناخشىلار-كۈيلەر.
پاختەكلى، پاختەكلى،
زوقلىنىمەن — ئالدىمدا گۈزەل سۈرەتلەر...
ئېلېكتىر سىملىرى تارتىلغان ھەريان،
كېچەكمۇ گوياكى كۈندۈزدەك يورۇق.
يۇلتۇزلاز مىسالى يەرگە كوچكەندەك،
لامپىلار يانماقتا لاۋۇلداپ نۇرلۇق.
ئاڭلىتار —
دەۋرىمىز ئۇتۇقلىرىنى،
ئاڭلىتار —
ھەرياندا جاراڭلاپ زوۋۇك...
گۈرۈلدەپ ماتورلار-پىقىرار تاشلار،
توك تۈگمەنلىرى گويا ئەجدىھار.
شال ئاقلاش زاۋۇدى پۇرقىسا توپان،
مارجاندەك گۈرۈجگە تولار قاپ-تاغار.
پاختا زاۋۇدىغا توكۇلسە كېۋەز،
قاردەك پاختىلار تاي بولۇپ چىقار.
قازىساڭ ئەگەر گىلەم كارخانىسىغا،
كورىسەن زەپ گۈزەل گۈلىستان باھار...

ئېخ!...
شۇنچىمۇ كوركەم دوختۇرخانىسى،
بېتىيۇنچە دوختۇرلار تەبەسسۇم چىراي.
قىزىيدۇ توپ، چېلىش، تۈرلى ماھارەت،
كەڭ كەتكەن چېنىقىش مەيدانلىرى بار.
قەھرىمان دېخانلار سالامەت ـ تىمەن،
مەكزى ئانارەدەك ــ گويا قان تامار.
بەختىيار ئەۋلاتلار ماكار مەكتەپكە،
تورنىلارغا ئوخشاش تىزىلىپ قاتار...
گۈزەل نەقىشلىق ئازادە زالدا ــ
كورگەزمە بېرىدۇ چوڭقۇر تەربىيە.
مۇشۇ كورگەزمە گۈل باھارىڭدىن،
زوق ـ شوقتا تولۇپ ئېيتىدۇ قىسسە.
قان ـ ياشلىق ئوتمۈش زىمىستانىڭدىن
دەر غەزەپ بىلەن سوزلەر ھىكايە...
ئاھ!...

پاختەكلى ــ ئوتمۈشۈڭ دەھشەت،
قاپلىغان ئۈستۈڭنى قاپ ـ قارا تۇمان.
ھەر ياقتا يىغا ـ زار، ھەسرەت ۋە ماتەم،
قوينۇڭدا ھوكۇمران ئىدى زىمىستان.
داللار قاقاسلىق، دەرەخلەر قاخشال،
باغلىرىڭ ۋەيرانە ــ ھۇقۇش ھۇۋلىغان.



غۇربەتتە غېرىپ دېخان كەپىسى،
يۇرەكلەر زەرداپ، دىللاردا پىغان.
غوجاملار ـ بايلار بەزمە ـ ئىشرەتتە،
ئاچلىقتىن بى دەرمان ئىگرايتتى دېخان.
دېخان ئىشلىسە قان ـ تەر ئاقتۇزۇپ،
راھتى بايلارنىڭ بولاتتى ھامان.
قاتمۇ ـ قات زۇلۇم، ئالۋاڭ دەستىدىن،
پۇچۇق داڭقانمۇ قالمىغان ئامان.
ھورلۇك ئىزلىگەن ئىسيانكارلارنىڭ
قىسمىتى بولغانتى ــ قاراڭغۇ زىندان.
ئەلۋىدا يۇرتۇم ــ
دەپ قانچە دەرتمەنلەر،
سەرگەردان بولۇپ كېتىشكەن ھەريان.
ئاھ!...
پاختەكلى، قانچە ئەسىرلەر،
ئوتتۇڭسەن قان يىغلاپ،
پۇكۇلۇپ دەرتتە.
تەييارتاپ چايانلار سۇرۇشۇپ دەۋران،
قان ئىچىپ، باياشات ئوتكەن "جەننەتتە"...
پاختەكلى، پاختەكلى،
بۇگۇن قوينۇڭدا ئۇلۇغ ئوزگىرىش...
شۇڭلاشقا ئېيتىمەن ــ غالىپ پاختەكلى ــ

تەرىپىڭ بۇ باھاغا مۇناسىپ ئەلۋەت.
ۋە لېكىن يول ئۇزۇن، كۈرەش مۇرەككەپ،
بۇ تارىخ ھوكمىنى ئۇنتۇما پەقەت.
بىلىڭكى ھەرقاچان باغلىــغىن مەھكەم،
ئىنقىلاپ بايرىغىنى كوكلەردە ئوينات.
ئورلىتىپ چوڭ پىپەن دولقۇنلىرىنى،
غەزەپ ئوقلىرىنى لىن ئوغرىغا ئات.
ياچىۋەك ھارۋىنى توسماق بولغاندەك،
توسماقچى بولدى ئۇ تارىخ چاقىنى.
ئۇخلىماي چۈش كورۇپ قىتىردى مەلــئۇن،
شاھىن شاھ قىلماققا ئوز ئەۋلادىنى.
كورەڭلەپ ئوزىنى "دۇلدۇل" ئوخشىتىپ،
سامادا يىگانە كەزمەك بولدى ئۇ.
ۋەتەنگە قايتىدىن ياغدۇرۇپ ئاپەت،
بىزلەرنى قۇل قىلىپ مىنمەك بولــدى ئۇ.
ھەييارلەك ئوزگىرىپ قىلىپ سۇيىــقەست،
چىقاردى ئەكسىيەتچى لۇشيەنلەرنى ئۇ.
نىيىتى: بۇزماقچى قايتا تىرنىلىپ،
پاختەكلى ــ
سەن كەبى گۇلشەنــلەرنى ئۇ.
ئورلە!
پاختەكلى، پارتىيە لۇشيەنى بىلەن،



ئۇيغۇر كىتاب تورىيېتى
www.uyghurkitap.com

لىن ئوغرىنى قىل پىپەن، قىزىسۇن كۈرەش.
ئۇر توقاي ـ سۇر توقاي قىلىپ دۈشمەننى،
كالتەكلەپ ئارامغا بەرمەيــلى نەپەس.
ۋەتەننىڭ ھەرگىيا، ھەر بىر تېشىغا،
كوز سالغان دۈشمەننى قىلايلى بەربات.
زەررىچە تۇپرىغىنى بىلىپ تۇتىيا،
ياشايلى،
ۋەتەن ئامان شۇندا بىز ھايات.
جان تىكىپ قوغدايلى ۋەتىنىمىزنى،
جان تىكىپ قوغدايلى گۈلبېغىمىزنى.
كۈرەش بىلەن ئېچىــلار ھامان بەخت گۈلى،
كۈرەش بىلەن ئاشار ئەلنىڭ شەرەپ ـ شانى.
پاختەكلى، پاختەكلى،
بۇركۇتتەك ئەڭ ئېگىز چوققىــلاردىن ئوت!
گۇللە،
سىز بىپايان ئېتەكلىرىڭگە
تېخىــمۇ ئەڭ يېڭى، ئەڭ گۈزەل سۈرەت...

1974 ـ يىل قەشقەر.

# كەل، يېڭى يىل

(مۇسەللەس)

"تۇت گېزەندە" گۇم بولۇپ، كەلگەن يېڭى دەۋران بىلەن،
تولغىنىدا ھور ۋەتەن خۇشبۇي — گۈلى رەيھان بىلەن،
خۇش كېلىپسەن يېڭى يىل، غالىپ قەدەم، جەۋلان بىلەن.

كۆتىرىپ زۇمرەت قەدەھ باغراشىنىمۇ ئىچتىم بىراق،
ئارغىماق قىلدىم تىيانشاننى ئىگىز قاقتىم قانات،
يايرىغاچ قەلبىم-دىلىم بۇ چاغ زەپەر، بۇ شان بىلەن.

ئەي يېڭى، باتۇر يىلىم ياڭرات غەزەل، ناخشاڭنى ئېيت،
چومۇلۇپ زور تەنتەنىگە قايىنىسۇن بۇ ئەلدە ھېيت،
جانىجان خەلقىم ياشاپ، كۈلسۇن راسا خەندان بىلەن.

چاقنىغاي قىزىل ئەلەم ئۆرلەپ سانائەت بەيگىدە،
جان پىدا قىلسۇن چېلىشچانلار ۋەتەنگە سۆيگىدە،
قەد كۆتەرسۇن ۋېشكا-تۇرخۇن بەسلىشىپ ئاسمان بىلەن.



ھۆپپىدە ئاچسۇن چېچەك، چاچسۇن پۇراق گۇڭشې گۈلى،
كوكسىنى كۆككە يېقىپ تېز چاپسۇن ئەمگەك دۈلدۈلى،
گۈللىسۇن بۇ كەڭ دىيارىم پۇركىنىپ بوستان بىلەن.

كۈچلىنىپ تاپسۇن كامالەت قەھرىمان جېيفاڭجۈنۈم،
كەلسە ياۋ يەردىن، سامادىن ئەيلىسۇن گۇمران چوققۇم،
تۆھپە قوشسۇن ئانا يەرگە چىن نىيەت، ۋىجدان بىلەن.

ئىلمۇ-پەن، سەنئەت بېغىدا ياڭرىسۇن غالىپ سادا،
مىڭلىغان بۇلبۇللار پەرۋاز ئەيلىشىپ قىلسۇن ناۋا،
بەسلىشىپ ئۇچسۇن بۇ سەپمۇ ئايۇ-كۈن، چولپان بىلەن.

يول ئۇزۇن، ئىستەك ئۇلۇغ، باردۇر تېخى مىڭلاپ داۋان،
قەھرىمان خەلق ئالدىدا مۇشكۇل ئاساندۇر ھەرقاچان،
تەر تۆكۈپ، قىلسا كۈرەش چىن دىل بىلەن، تەن-جان
بىلەن.

كەل، يېڭى باتۇر يىلىم، كەلگىن شەرەپ-شانلار ئېلىپ،
بىز ساڭا سوغات ياسايمىز كۈندە ئۆرلەپ-يۈكسىلىپ،
يازىمىز تۆھپەڭنى تارىخقا قوشاق-داستان بىلەن.

1976-يىل دېكابىر قەشقەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جۇزۇڭلى ـــ قەدىردان، سۈيۈملۈك، ئۇلۇغ

"قەدىردان"، "سۈيۈملۈك"، "ئۇلۇغ" دېگەن سۆز،
ئېيتىلسا ئۇرغۇيدۇ دىلدا ھاياجان.
چۈنكى بۇ ئەقىدە، چىن مۇھەببەتنى،
ئېھتىرام ـ ھورمەتنى قىلىدۇ بايان.

* * *

جانىجان ۋەتەنگە تاشلىسام نەزەر،
جۇزۇڭلى قەد كېرىپ تۇرىدۇ مەغرۇر.
بېشىمنى كوتىرىپ قارىسام كوككە،
جۇزۇڭلى بۈركۈتتەك ئۇچار بەھۇزۇر.

چېلىشلار قىزىغان زاۋۇت، كانلاردا،
جۇزۇڭلى ئىشچىغا قولداش ـ قەلبداش.
گۈلىستان گۇڭشېدا، گۈزەل يايلاقتا،
جۇزۇڭلى دېخانغا، چوپانغا يولداش.

قەھرىمان قىسىمدا، چەكسىز چېگرىدا،
جۇزۇڭلى جەڭچىگە ھەمنەپەس گاڭدا.



ئىدارە، مەكتەپتە ـــ جىمىكى يەردە،
جۇزۇڭلى ئىلھامچى سەپنىڭ ئالدىدا.

پايانسىز دەشتۇ ـ چول، تاغ ـ ئىدىرلاردا،
قەدىردان زۇڭلىنىڭ نۇرى پارلايدۇ.
دولقۇنلۇق دەريالارنىڭ شاقىراتمىسىدا،
زۇڭلىنىڭ ئاۋازى غالىپ ياڭرايدۇ.

دىمەككى، جۇزۇڭلى كۈنۇ ـ تۈن ئويغاق،
دىمەككى ئۇ ھايات مەڭگۇ بىز بىلەن.
مۇشۇ نام خەلقىمىزنىڭ يۈرەك باغرىدا،
تا مەڭگۇ يادلىنار ياڭراق كۈي بىلەن.

* * *

سۈيۈملۈك جۇزۇڭلى جەڭلەردە ئۆسكەن،
ھاياتقا، ئىقبالغا ئۈمىتلىك باققان.
قامىتى تىيانشان، خىسلىتى قارىغاي،
تۆھپىسى ئۇلۇغۋار، قايىلدۇر جاھان.

پارتىيە قۇرۇلغان ئاشۇ قۇتلۇق كۈن،
شاتلىقتىن ياش دىلى يايراپ سۈيۈنگەن.
شىددەتلىك گۈكىرىگەندە ئاۋغۇست بورىنى،
تۇمانلارنى يېرىپ بۈركۈتتەك ئۈزگەن.

ئۇن مىڭ لى سەپەردە، مۇشكۇل خەتەردە،
ئۇ ماڭغان جەڭگىۋار قوشۇن ئالدىدا.
جىڭگاڭشەن ئۈستىگە تىكلەنگەندە تۇغ،
ئۇ، ۋەتەن-خەلق ئۈچۈن قىلغان جان پىدا.

چۇڭچىڭ تەنپەنىدە تۇرۇپ ئۇ مەزمۇت،
ياۋنىڭ سۈيىقەستىنى قىلغانتى تارمار.
يەنئەن مۇداپىئەسىدە، يەنئەن جېڭىدە،
ئۇنتۇلماس تۆھپىسى، شان-شۆھرىتى بار.

چاڭجياڭنى كېسىپ ئۆتكەن قوشۇنىنىڭ،
غالىبىيەت مارشىغا بولغانتى جۆرداش.
تيەنئەنمېن تەنتەنىگە چۆمۈلگەن چاغدا،
سەردارلار قاتارىدا تۇرغانتى يانداش.

بەختىيار دەۋرىنىڭ، پارلاق يىللارنىڭ،
ھەر بىر سەھىپىسىدە ئۆچمەس ئەجرى بار.
دۈشمەنگە ھەرقاچان بولسا قەھرىتان،
خەلققە ئىدى ئۇ ئىللىق بىر باھار.

* * *

جاھان پرولېتارىياتى سۆيۈپ، ئۇلۇغلاپ،
باغلىغان ئۇنىڭغا ئوتلۇق مۇھەببەت.



نى ئۆتكۈر، مۇرەككەپ كۆرەشلەردىمۇ
باتۇرلۇق كۆرسىتىپ تۇرغانتى ھەيۋەت.

«ئىنتېرناتسونال»نى جاراڭلىق ئېيتىپ،
بەدنىيەت ئالۋاستىلارغا بەرگەن ئۇ سوققا.
ماركسىزم ئاسىلىرى — تەسلىمچىلەرنى —
تۇتقان ئۇ ھەرقاچان غەزەپلىك ئوققا.

* * *

"قەدىردان"، "سۆيۈملۈك"، "ئۇلۇغ" دېگەن سۆز.
دىللارنى ئۇرغىتىپ چىققار ھەر زامان.
چۈنكى، مۇشۇ سۆزدە — شۇ قەدىرداننىڭ —
تۆھپىسى، خىسلىتى، شۆھرىتى ئايان.

1976-يىل قەشقەر.

## قارىغايغا قاراپ...

چوققىدا ھەيۋەتلىك بىر تۈپ قارىغاي،
تۆت پەسىل شۇنچە ئۆز ياشىرىپ تۇرار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قارايمەن تىكىلىپ، زوقلىنىپ قانماي،
قەلبىمدە دولقۇنلاپ چەكسىز ئىپتىخار.

تەۋرەنمەي جۇت، قۇيۇن، دەھشەت، زەربىگە،
بوي سوزغان شاخاراپ ئاسمان قەرىگە.
ئوخشايدۇ ئۇ خۇددى باھار پەسلىگە،
يۈرەكلەر تەلپۈنەر گۈزەل ۋەسلىگە.

ئۆتكۈزگەن قانچىلاپ شۇۋىرغان-قارنى،
ئۇزاتقان شۇنچىلىك كوكلەم باھارنى.
بولغاچقا خىسلىتى — باتۇرلۇق-چىدام،
يەڭگەن ئۇ ھەرقانداق مۇشكۈل-خەتەرنى.

قۇشلارمۇ ھورمەتتە ئوتەر ئەگىشىپ،
ئادەملەر ئاپىرىن، دەيدۇ قارىشىپ.
قوزغايدۇ دىللاردا ھاياجان، ئىلھام،
چوققىغا گۈزەل توس بېرىپ، يارىشىپ.

ياش دوستلار بويىغا ئولچەر بويىنى،
باللار ھەيرەتتە سوزار بويىنى.
بوۋايلار، مومايلار سۇنار قولىنى،
قىسشار چىرايلىق، خۇشبۇي گۈلنى.



ئېيتىپتۇ رىۋايەتتە بىر تال ئۇرۇغى —
چۈپ قالسا چۈللەرگە، ياكى سۇنۇغى؛
بىخ سۈرۈپ، كوكىرىپ سالاركەن سايە،
بۇ — ئۇنىڭ خىسلىتى، چىن باتۇرلۇغى.

* * *

مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان قەھرىمان-مەرتلەر،
ئوبرازى — مەن يازغان قەيسەر قارىغاي.
ناخشامدا مۇھەببەت، ئېھتىرامىمنى
ئىزھارلاپ ئۇستىگە گۈل دەستە ياپاي.

قەھرىمان ئولمەيدۇ، ياشايدۇ ھايات،
سۆيۈنەر روھىدىن ۋەتەن خەلقى شات.
نەقىش بوپ دىللارغا شانۇ-شوھرىتى،
ئونتۇلماس ئەبەدى، ياد ئېتەر ئەۋلات.

تىرىكلەر چامدايدۇ ئۇلۇغ غەلىبىگە،
يېتەكلەر، كۈچ بېرەر قەھرىمان روھى.
چېچەكلەپ، داۋامەت بېرىدۇ مىۋە،
ئەل ئۇچۈن ئاققۇزغان ئۇنىڭ قان-تېرى.

1977-يىل قەشقەر.

## ۋەتەن ھەققىدە رۇبائىلار

جاھاننى ئاختۇرۇپ كەزسەم ۋەتەندىن ئۆزگە يارىم يوق،
ۋەتەن چىن-ئىپتىخارىمدۇر، ئۇنىڭسىز ئېتىۋارىم يوق.
ھاياتىم ئۇتسە مەزمۇنلۇق—ۋەتەنگە جان پىدا ئەيلەپ،
خوشالمەن، ئەڭ بەختلىكمەن، يانا باشقا خۇمارىم يوق.

* * *

ۋەتەندۇر زەپ گۈزەل بىر گۈل، ئۇنىڭغا مەن خۇش ناۋا بۇلبۇل،
ۋەتەننىڭ بەختىچۈن جەڭدە بولۇرمەنكى ئۇچار دۇلدۇل.
ۋەتەنگە كوز ئالايتقاننىڭ ئۇرۇپ كوكسىگە تىغ-خەنجەر،
ۋەتەنگە ئەجرى قىلغاننى سۆيۈپ جاندىن تۇتاي مەن گۈل.

* * *

يۈرەگىمدە لاۋۇلدايدۇ ۋەتەننىڭ سۆيگۈسى-مېھرى،
كوكۈل رىشتىمنى باغلايدۇ ۋەتەننىڭ گۈل-گىيا، چېھرى.
موتىۋەر بۇ گۈلشەنگە باغلىغان ئەقىدەمنى،
قىلچىمۇ بۇزالمايدۇ رەقىپنىڭ جادۇسى-سېھرى.

1977-يىل قەشقەر.



## ئاتۇش ھەققىدە ناخشا

ناخشا ئۇ—يۈرەكنىڭ ناۋاسى،
ناخشا ئۇ—قەلبنىڭ ئاۋازى.
ناخشا ئۇ—مۇھەببەت، ئەقىدە،
يالقۇنلۇق ھاياتنىڭ خۇش سازى.
ناخشا ئۇ—غەزەپ ھەم نەپرەتنىڭ—
دىللاردىن ئۇرغىغان ساداسى.

* * *

ئېخ ئاتۇش! سۆيۈملۈك ئانامسەن،
ئېخ، ئاتۇش! مەن سېنىڭ ئوغلۇڭمەن.
قوينۇڭدا تەربىيەت، كۈچ تېپىپ،
پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلۈڭمەن.
مۇھەببەت-ئىشقىڭدا پەۋانە—
بوپ، سېنى كۈيلەيمەن، بۇلبۇلمەن.

قەدىمدىن ۋەتەننى دەيمىز بىز،
سۆيۈنۈپ، ئېزىزلاپ: ئانىجان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شۇ ئۇلۇغ' نام بىلەن مەن سېنى —
ئاتىدىم، قەلبىمدە ھاياجان.
يۈرىكىم تېپىدۇ سەن ئۈچۈن،
تومۇردا ئۇرغۇيدۇ قىزىل قان.

بىر يېقىڭ كۆك سۆيگەن "ئۈستۈن تاغ"،
بىر يېقىڭ قاتمۇ-قات "قۇمالتاغ".
قاپ بېلىڭ چىمەنزار، گۈل — ئاتۇش،
شەرقتى ئەنجۈرلۈك گۈزەل باغ.
قوينۇڭدا ھاياتتىن مەمنۇن بىز،
راۋابىڭ شوخ سايراپ ئۆتەر چاغ.

تېغىڭدىن، جىلغىڭدىن، بۇلاقتىن،
يېغىلىپ زۇمرەت سۇ — كەۋسىرى.
تاش يالاپ، گۈل سۆيۈپ توختىماي،
ئاقىدۇ دولقۇنلاپ يىل بويى.
سىڭىدۇ ھاياتقا قان بولۇپ،
ياڭرايدۇ ھاياتىڭ شات كۈيى.

قارايمەن ھۆسنۈڭگە زوقلىنىپ،
پايانسىز مۇنبەتتۇر يەرلىرىڭ.
قىممەتلىك بايلىققا پۈركۈنۈپ،



ياتقاندۇر مويسىپىت تاغلىرىڭ.
گوھەردۇر ھەر پارچە تاشلىرىڭ،
ئوخشايدۇ تاشلىقتا ئاشلىرىڭ.

تارىختا شۆھرەتلىك نامىڭ بار،
ناخشىۋاز، ئۇسسۇلچى شانىڭ بار.
شۇ توققۇز ھوجرىدەك قەدىمى —
يادىكار، مىراسىڭ، جايىڭ بار.
كۆڭلۈڭ كەڭ، سۈلكەتلىك، مېھماندوست،
مېھنەتچان، تىرىشچان ھالىڭ بار.

گۈزەل سەن بۇ ئىقلىم رەناسى،
قۇچىغىڭ باتۇرلار سەيناسى.
شۇڭلاشقا قوينۇڭدا ھەر زامان،
ياڭرايدۇ زەپەرنىڭ ناۋاسى.
گۈللەنگەن بەختىڭنىڭ كېپىلى —
پارتىيەم — دەۋرىمىز داناسى.

پارلاق ھەم گۈزەلدۇر كېلىچەك،
كۆكلەردە بۈركۈتتەك ئۇچ ئاتۇش.
ۋەتەندە باشلاندى زور ئىشلار،
غۇلاچلاپ قاينامغا چۈش ئاتۇش.

قوينۇڭغا ئەك يېڭى سۇرەت سىز،
تېخىمۇ شان-زەپەر قۇچ ئاتۇش!

1977-يىل ئاتۇش.

# يامغۇردىن كېيىن ...

يامغۇردا يۇيۇلدى زىمىن پاكىزە،
گويا قاش تېشىدەك گۈزەلدۇر ئاسمان.
ھەسەن-ھۈسەن نۇرىدا تاۋلىنار تاغلار،
ئۈپۈقتا قالغاچلار شۇڭغىشار راۋان.
بى پايان، زۇمرەتتەك دېڭىزلار كەبى،
دولقۇنلار زىرائەت، دەل-دەرەخ ئورمان.
چاچىدۇ ئەتراپقا خۇش پۇراق ئەتىر،
گۈلزارۇ، چىمەنۇ، ئاۋات باغ-ۋاران.
ئۈتمەكتە شوخ سالقىن، ھاۋا خوي ياخشى،
كۈلمەكتە كائىنات، ناباتات، جاھان.
تۇرىمەن كوز تىكىپ چەكسىز شاد-خورام،
قەلبىمدە جۇشقۇنلاپ ئۇتلۇق ھاياجان.
يامغۇردىن كېيىنكى كوركەم بۇ ھالدىن،
ۋەتەنىنىڭ جامالى ئالدىمدا ئايان.

1977-يىل قەشقەر.



# ئالدىدا

يوق تىسالغۇ، يوق قىيىن ئىش جىيىفاڭجۇنىنىڭ ئالدىدا،
جىيىفاڭجۇن غالىپ قوشۇن قايناق كۈرەشنىڭ ئالدىدا،
توھپىسى پارلاق، مۇقەددەس خەلقىمىزنىڭ ئالدىدا،
ئۇ كېيىن راھەت-بەخت، مۇشكۈل-خەتەرنىڭ ئالدىدا،
ئۇمۇرۋايەت ئۆلگىمىز ئۇ ھەممە ئىشنىڭ ئالدىدا.

جانجان كومپارتىيە قۇرغان ئۇلۇغ، باتۇر قوشۇن،
ئوزى تەربىيىلەپ، ئوزى جەڭ، ئىشتا ئۆگەتكەن يوسۇن،
قۇدرىتىدىن تىز پۈكۈپ "ۋاي دات" دىگەن دۈشمەن يۈچۈن،
گۈل ئۈنۈپ باسقان ئىزىدىن، ھور بەخت ئاچقان قويۇن،
يوق تىسالغۇ، يوق قىيىن ئىش جىيىفاڭجۇنىنىڭ ئالدىدا.

ئەگىشىپ كومپارتىيىگە قوغدىدى ھەق يولىنى،
بەردى ئۇ ئەلگە-ۋەتەنگە جانۇ-تەن، ئەس-ھۇشىنى،
قىلدى جەڭ، قانلىق كۈرەشلەر، ئاتتى نەپرەت ئوقىنى،
بولدى بەربات كونا دۇنيا، تۇغدى تاڭنىڭ چولپىنى،
جىيىفاڭجۇن غالىپ قوشۇن قايناق كۈرەشنىڭ ئالدىدا.

قەھرىمانلار يىلسىرى تاپتى ئۇتۇق، قۇدرەت، كامال،
جان تىكىپ قوغداپ ۋەتەننى، ياۋنى ئۇ قىلدى پاخال،
كەلسىمۇ خۇددى پەرىزاتتەك بولۇپ تەتۇر شامال،
بولدى ھۇشيار، شۇ زامان خەندەك قېزىپ قىلدى قامال،
توھپىسى پارلاق، مۇقەددەس خەلقىمىزنىڭ ئالدىدا.

جەڭگە كىرسە بولدى جەڭچى، جەڭ قىلىپ قۇدرەت بىلەن،
گۇڭشىدا، زاۋۇتتا، كاندا ئىشلىدى جۇرئەت بىلەن،
بەردى بىزگە ئۇ ساۋاق ئىلىمۇ-پەن، ھىكمەت بىلەن،
ھەممە ئىشتا قىلدى چەۋلان يەڭگۈچى خىسلەت بىلەن،
ئۇ كېيىن راھەتتە، ھەم تۇردى خەتەرنىڭ ئالدىدا.

"توت نىجىس" كە ئاتتى ئۇ قەھرۇ-غەزەپ ۋولقاننى،
خەلقىمىزنىڭ ئىشقىدا ساقلاپ ۋەتەن بوستاننى،
كۆرسىتىپ ئىقبال ئۈچۈن سادىق يۈرەك ۋىجداننى،
ئاپىرىن، تاپشۇردى ئۇ ئەلاچى بوپ ئىمتاننى،
ئومۇرۋايەت ئۇلگىمىز ئۇ ھەممە ئىشنىڭ ئالدىدا.

بار تېخى چىلبۆرىلەر — شۇم پەيلىدىن يانمايدىغان،
ئاغزىدا خوش-خوش قىلىپ، دىلىدا غۇم ساقلايدىغان،
بار يەنە مىڭلاپ داۋان-تاغ بىز بېسىپ ئاتلايدىغان،



ئالدىمىزدا ياخشى كۈنلەر — بەختىمىز چاقنايدىغان،
بۇ شەرەپلىك زور ۋەزىپە — جېڭفاڭجۈننىڭ ئالدىدا.

1977-يىل قەشقەر.

## مۇبارەك قەدەم

— جۇدې ۋېيىيۈەنجاڭنىڭ سەمەن "بەش يۇلتۇز" دادۇيىنى كۆزدىن كەچۈرگەنلىكىگە بېغىشلايمەن.

ياڭرايدۇ داپ، سۇناي، راۋاپ ئاۋازى،
بوستاندا كاككۇكنىڭ پەيزى-ناۋاسى.
"بەش يۇلتۇز" قوينىدا بايرام-تەنتەنە،
خوشاللىق، ھاياجان، تەبرىك ساداسى.

بولغۇسى — بۇ يۇرتنىڭ تارىخى ئۈچۈن،
ئەڭ چەكسىز ئىپتىخار، ئۇلۇغۋار بىر ئىش.
بۇ ئىشكى، قۇياشتەك زاماندىن-زامان —
دىللارغا پارلاق نۇر ئېتىدۇ بەخش.

* * *

شىر سۈپەت ۋەتەننىڭ شىر سۈپەت ئوغلى،
تاشلىدى بۇ يۇرتقا مۇبارەك قەدەم.



www.uyghurkitap.com

تارىختا كوپ يىللار توھپىلەر قوشقان،
بۇ كىگانت—بىز ئۇچۇن ئېزىز، مۆھتەرەم.

ئۇ كەلدى تاغ، دەريا، شەھەرلەر ئاتلاپ،
پارتىيە سالامى، مېھرىنى ئېلىپ.
دىللاردا خوشاللىق ئاقتى سەل بولۇپ،
چىقتۇق بىز ئالدىغا پاياندىاز سېلىپ.

كوز يەتمەس ئالتۇن چاچ قوناقلىق ئۈزرە،
باقار ئۇ باھاردەك تەبەسسۇم بىلەن.
ئالغاندا ئىككى باش يادىگار ئۈچۈن،
پەخىرلەر ئىلكىدە كۆلدۈق جان بىلەن.

ئاق بۇلۇت ئۈستىدە لەيلىگەن قۇشتەك،
ئۈزمەكتە پاختىزار ئارا روھلىنىپ.
مۇبارەك قولىدا بىر تۇتام غوزا،
"بەك ياخشى ئوخشاپتۇ"—دەيتتى زوقلىنىپ.

باراخسان يول بىلەن كېلەر چاقماقتەك،
سۇۋادان تىرەكتەك قامىتى ئۇنىڭ.
سۈيۈنۈش ئەۋجىدە كېلەر يانمۇ-يان،
يۈيگۈچە مەرتلىرى قەھرىمان يۇرتىنىڭ.



ئۇ توختاپ بوستانلىق يېڭى مەلىدە،
قەلبىدىن ھايات بەخش سوزلەر ئۇرغىدى.
"كوپ ئالغا بېسىپتۇ گۈللىنىپ بۇ جاي،
كەمتەر بوپ تېخىمۇ ئورلەڭلار"—دىدى.

شەرۋەتلەر بۇلىغى—دادۇينىڭ بېغى،
قەدىمي نەققاشلىق ئازادە شىپاڭ.
قەدىمي شەرقىنىڭ باتۇر ئوغلانى—
ئولتۇرار، ئۈستىدە ئۈزۈمزار باراڭ.

شەنىگە سېلىنغان نىمەت داستىخان،
ئېزىزلاپ كىيدۈرەر بادام دوپپىنى.
ئۇ كۆلەر، چۈنكى بۇ ئاددى دوپپىدا،
"بەش يۇلتۇز" ئۇنىڭغا تۇتتى مېھرىنى.

ئەجەپ خۇش دەقىقە ئوتەر شۇنچە تېز،
ئۇ كەتتى خۇش پېيل، قول پۇلاڭلىتىپ.
"سەپداشلىرىڭىزغا سالام دەڭ!"—دىدۇق،
ئۇسۇللار ئوينىدۇق، ناخشا ياڭرىتىپ.

"بەش يۇلتۇز" ئۈستىگە بىزەكلەر تاقتى،
جۇدېنىڭ مۇشەررەپ ئىزى-قەدىمى.

ئەسلەيمىز ئۇ ھايات مەڭگۈ بىز بىلەن،
قۇياشتەك نۇر چاچار، ئۇچمەس ئەبەدى.

1977 ـ يىل قەشقەر.

## ئۈچتۇرپان ئىلھاملىرى
(سىكىل)

### يول ئۈستىدە

ماشىنا غۇيۇلداپ ئۇچار توختىماي،
تاغ كېسىپ، دوڭ ئېشىپ، سايلارنى ئاتلاپ.
قەلبىم ئىنتىزارىنى سەزگەندەك گويا،
ئۇچار ئۇ يوللارنى ئارقىغا تاشلاپ.

ئالدىمدا يۈز ئاچتى "ئاقيار" گۈگۈشىسى،
كىردىمەن ئۈچتۇرپان بوسۇغىسىدىن.
يۈرىكىم سۆيۈنۈپ، چاقنىدى كوزۇم،
بۇ يۇرتنىڭ "جەننەت" تەك گۈزەل ھوسنىدىن.

ئىلىپتەك تارتىلغان ئۈزۈلمەس تاشيول،
يانلىرى رەتمۇ ـ رەت تېرەكلىك ئورمان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئورمان كوك سۆيۈپ تۇرىدۇ مانا،
جەڭچىلەر سەپ بولۇپ كۈتكەندەك پەرمان.

شاخمەتكە ئوخشايدۇ سالا ئېتىزلار،
قىرلىرى جىگدىدىن بەلۋاغ باغلاپتۇ.
ياپ ـ يېشىل مەخمەلدەك بولۇق مايسىلار،
دېڭىزدەك دولقۇنلاپ، كۈلۈپ ياشناپتۇ.

ئاقماقتا مەۋج ئۇرۇپ كۈمۈشرەڭ سۇلار،
قاش يالاپ، گۈل سۆيۈپ، قوشاقلار قېتىپ.
بۇ قاشلار بويىغا بېرىپتۇ زىننەت،
ماماكاپۇ ـ پىچانلار گۈل ـ چېچەك ئېچىپ.

پايانسىز ئېكىندە ھايات قىمرايدۇ،
جاراڭلار يېقىملىق مېھنەت قوشىغى.
تومۇر ئات كىشنەيدۇ، مۇھىت تىترەيدۇ،
كاككۇك ناۋاسىغا تولغان ئۇپېغى.

ئوتلاقلار قويىندا گۈرەلەپ ماللار،
يايرىشار چوپلەرگە چومۇلۇپ ئوتلاپ.
نەي چالار زوق بىلەن پادىچى يىگىت،
بۇ گۈزەل دىيارنىڭ بەختىنى قۇتلاپ.

”يار كوۋرۇك“ گۈگۈشىسى كورۇندى مانا،
بارىمەن ئىپتىخار، ھىسقا چومۇلۇپ.
ئىزغىرىن سالقىنى سۈيەر مەگزىمنى،
قايماقتەك ھاۋاسىنى ئالدىم سۇمۇرۇپ.

ئۈچقۇر ماشىنامدەك ئۇچۇپ ئۈچتۇرپان،
ۋاھ، بۈگۈن ئاجايىپ گۈللەپ ياشناپتۇ.
زەپەرنىڭ گۈللىرى قاپلاپ ھەر ياننى،
قۇياشتەك نۇرانە بەخت چاقناپتۇ.

## ئۇتقاش شەھەر

ئۇمرۇمدە كوردۇممەن نۇرغۇن شەھەرنى،
كورگەندە قەلبىمنى سۈيگۈ چۇلغىدى.
كورگەندە ھەم سىنى ئەي ئۇتقاش شەھەر،
سۈيگىمۇ چۇلغىدى، كوزۇم تويمىدى.

ھورمىتىم شۇ بولدى: ئەسسالام! دىدىم،
سەنمۇ ھەم خۇشاۋاز—مەرھابا، دىدىڭ.
چۈنكى سەن ئەزەلدىن مىھمىنىڭ ئۈچۈن،
ھاتەمدەك سىخىدىڭ، مىھرىۋان ئىدىڭ.



ئاسپالت يولۇڭغا چۇشەر سۇرىتىم،
يېشىل سوۋادانلارغا ياغار ھورمىتىم.
ھەم رەتلىك، ھەم كوركەم ئىمارەتلەرگە،
ھاڭۋىقىپ قاپتىمەن قارىغان پېتىم.

لەھەلدەك سۇلىرىڭ ئاقار شىقىراپ،
ئۇتقاشتەك قۇچىغىڭ تۇرار گۇل پۇراپ.
يول بويى كوزۇمگە تاشلىنار باغلار،
”جەننەت“ مۇ بۇ يەر دەپ تويمايمەن قاراپ.

بازىرىڭ ئاۋاتكى—ئاقىدۇ شەرۋەت،
ئەترەكنىڭ تەمى بار قىزىل ئالماڭدا.
كورگەزمە ئاچتىڭمۇ ئەي گۈزەل شەھەر؟
سۇت-قايماق ئاقماقتا ئەنە بىر ياندا.

ئادەملەر شات-خورام بارار يانمۇ-يان،
رەستىدە، دۇكاندا بەخت كۇلكىسى.
يازدىم شېىر، قەلبىمدە لاۋۇلداپ يانغاچ
سەن ئۇتتەك شەھەرنىڭ ئۇتتەك سۇيگۇسى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## توققۇز بۇلاق

تاغ دىسەم تاغدەك ئەمەس، ئۇ تاغچە يوق،
دوڭ دىسەم دوڭدىن ئېگىز، سەپسىنلا تاش.
شۇڭا خەلق قويغان مۇناسىپ بىر ئىسىم —
"چوققا تاغ" دەيدۇ بۇ يەرنى قېرى-ياش.

داڭقى بار "توققۇز بۇلاق" — گۈل ۋادىغا،
خۇددى بۇركۇتتەك قونۇپ قويغان ئۇ باش.
ئەۋۋەلا ئۇز نۇرىنى بەخش ئېتىدۇ،
"چوققا تاغ" قاتاڭدا چىققان شۇل قۇياش.

مۇشۇ تاغنىڭ ئاستىدىن پونتان بولۇپ،
چىقىدۇ توققۇز بۇلاق-توققۇز ئېقىن.
مۇشۇ كەۋسەردىن تومۇرغا قان ئېلىپ،
گۈللىنەر — بوستان-دالا، يىراق-يېقىن.

ھەر بۇلاقنىڭ كوزىدە بىر تاش بولۇپ،
سۇ چىقار شۇ تاش ئارا جۇشقۇنلۇنۇپ.
قۇيۇلار — جەم بوپ ساياھەت كولىگە،
ھەم ئاقار ئۇستەڭ-ئېرىققا لىق تولۇپ.



كول ئىچىدە بىر ھەشەمەتلىك راۋاق،
خۇددى يۇلتۇزدەك پارىلدار سىم چىراق.
شات بولۇپ دولقۇنلىنار ئۇتلۇق يۇرەك،
گەر قېيىققا ئولتۇرۇپ ئۇرساڭ پالاق.

توت يېقى گۈلزار، چىمەنلىك، قارىغاي،
بۇندا كاككۇك ناخشا ئېيتىپ سايرىغاي.
قەھرىمان خەلقىم بۇ گۈلشەن قوينىدا،
بەختىدىن مەمنۇن بولۇپ شوخ يايرىغاي.

نەزمە يازدىم — ساڭا دەپ "توققۇز بۇلاق"،
كەۋسىرىڭنى قانغىچە ئىچتىم ئۇزاق.
سەن بۇ گۈلشەندە تەبىي باغچىسەن،
ۋاي تاڭەي!... بارمۇ يەنە سەندەك بۇلاق؟!

1977 - يىل قەشقەر.

## ئوقۇتقۇچىمەن

قانداقمۇ شاتلانماي ئۇلۇغ ۋەتەندە،
شەرەپلىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ تۇرۇقلۇق؟

نىمشقا ئۇيتمايتتىم ئۇتلۇق ناخشامنى،
ئالەمچە ئىشلارنى كوروۇپ تۇرۇقلۇق؟

”ئىنسانلار روھىنىڭ ئىنژېنىرى“ مەن،
بۇ ماڭا خەلقىمىز بەرگەن زور ئۇنۋان.
رازىمەن بىر ئۆمۈر مەكتەپ — باغچىدا،
تەربىيىچى — باغۋەن بوپ ئاققۇزسام تەر ـ قان.

ئىلىم ـ پەن بېغىدا ”بۇلبۇل گويا“ بوپ،
سوزلەيمەن زوق بىلەن بۈيۈك داستانلار.
ئالدۇ ئىلىم ـ پەن، ھىكمەتتىن بىلىم،
قەلبىنى يورۇتۇپ مىڭلاپ ياش باللار.

مەن قويغان كوچەتلەر ۋەتەن قوينىدا
بەرق ئۇرۇپ ھەر سەپتە قىلىدۇ جەۋلان.
ئۇلارغا خەلق ئەلا، ۋەتىنىم ئەلا،
تەيياردۇر نىمىنى كۈتەركىن دەۋران.

بىرىدۇر خەلققە قەلبداش باشچى،
كۇرەشتە، مېھنەتتە، جەسۇر قەھرىمان.
بىرىدۇر جەڭگىۋار، ئاۋانگارت ئىشچى،
مۇشكۇللەر، زەپەرلەر ئالدىدا ھامان.



بىرىدۇر گۈگشېمىز گۈلزارلىغىدا
قاناتلار قاققۇچى سۈيۈملۈك دېخان.
بىرىدۇر تەگداشسىز، يېڭىلمەس جەڭچى،
ئۇ بىلەن ۋەتەن، خەلق تۇرار تىنچ ـ ئامان.

بىرىكى ئالىم ۋە ئىنژېنىر، تېخنىك،
ئوي ـ پىكرى ھەمىشە تەتقىقات بىلەن.
نى سىرلىق تىلسىملار سىرىنى چۇۋۇپ،
يىللارغا ئىز سالار كەشپىيات بىلەن.

بىرلىرى شائىردۇر، ياكى سەنئەتچى،
دەۋرىمگە كۈيلىرى دولقۇنلاپ ئاقار.
بىرلىرى سىنىپتا ئىز باسار ماڭا،
ئىلمدىن دىللارغا پارلاق نۇر چاچار.

يېزا، تاغ، چول، جەزىرە ھەم شەھەرلەردە،
شاگىرتلار توھپىسى تۇرىدۇ چاقناپ.
ئەجرىمنىڭ مىۋىسى — ۋەتىنىم ئۈچۈن،
بەرمەكتە ھارارەت قۇياشتەك پارلاپ.

قانچە يىل ”توت ئاپەت“ سىبىق دەپ غاجاپ،
قىلسىمۇ يۈرەكنى لەختە ـ لەختە قان.

ئۇمىتۋار كۆز بىلەن باقتىم مەن ئۇزاق،
پارتىيە مېھرىدىن ھوزۇرلاندى جان.

ئىپتىخار ھېسسىمنى قىلاي مەن بايان،
مەن ئۈچۈن شەرەپلىك، بەخت بۇ كەسپ.
ئىرادەم — مەڭگۈگە بار كۈچۈم بىلەن،
ئىلىم - پەن بېغىدا ئۇتۇش نۇر چېچىپ.

1978 - يىل قەشقەر.

## ئوقۇتقۇچىم — سۆيۈملۈك ئانام

سۇلايمان كوپ قېتىم يازدى ماڭا خەت،
"سۆيۈملۈك ئانام" دەپ ئاتاپ ھەر نۆۋەت.
بۇ ئىدى مەن ئۈچۈن بىلدۈرگەن ئىشەنچ،
ئەقىدە - ئېتىقات، مۇھەببەت، ھورمەت.

ھەر خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ قانچە كۈن،
شاتلىقتىن ئۆزەمنى تۇتالماي قالدىم.
بېغىشلاپ مۇشۇ خەت يېڭى كۈچ - مادار،
يۈرىكىم ئوت بولۇپ لاۋۇلداپ ياندىم.



ۋەتەننى سۆيۈملۈك ئانام دەر كىشى،
ئانىنى ئېزىزلاپ سۆيەر ھەر كىشى.
شۇ پەخرى نام بىلەن ئاتاپتۇ مېنى،
بولدۇممۇ ئانىدەك ئۇنىڭ دىلكىشى؟!

ھاياجان ئىلكىدە سۈرىمەن خىيال،
شاگىرتىم ئوتمەكتە كۆلۈپ ئالدىمدىن.
ئوتتەكلا بالا ئىدى، لېكىن بەك تەمكىن،
چىقمايدۇ خىسلىتى ئەسلا يادىمدىن.

ئون بەش يىل مۇقەددەم سىنىپتا مانا،
سوزلەيتتى سۇلايمان ئېچىپ قەلبىنى:
"ئوقۇيمەن خەلق ئۈچۈن، ۋەتىنىم ئۈچۈن،
ئورلەيمەن كامالەت تېپىپ ھەر كۈنى".

ئۇ ئارتىپ ئۇستىگە دەۋر يۈكىنى،
جاپالىق ئىشلاردىن قورقمىغان پەقەت.
ئەجرىدىن گۈل قىسىپ، تولۇپ خىسلەتكە،
ئالقىشقا سازاۋەر بولغان قانچە رەت.

زېرىكمەس، تىرىشچان، ئەزىمەت بولۇپ،
زېھنىنى ئىلىمگە قىلغان كەڭ لىتاپ.



www.uyghurkitap.com

قەدىرلەپ ياشلىقنى، گۈل باھارىنى،
كۈنۈ-تۈن زوق بىلەن ئوقىغان كىتاپ.

چىنىقان ۋەتەنچۈن تاك سەھەر تۇرۇپ،
ئەمگەككە ئۆزىنى ئاتقان ئوت بولۇپ.
ئۇستاز ھەم دوستلارغا ئىللىق، مېھرىۋان،
ئېچىلغان ئۇ شۇنداق خۇشبۇي گۈل بولۇپ.

ۋاھ! مانا ئۇ بۈگۈن پويىز ئۈستىدە،
ۋاگۇنغا سىغمايدۇ پەخرى-شاتلىغى.
باغۋەنىنىڭ قولىدا تېپىپ ئۇ پەرۋىش،
دەۋرىمىزدە يېتىشكەن پويىز باشلىغى.

بارماقتا ئۇچقاندەك تاقىلداپ پويىز،
سۇلايمان بەستىمگە سۆيۈنەر قاراپ.
بارىمەن ئىلغار بوپ ئۇلۇغ بېيجىڭغا،
بۇ ئىدى شاگىرتىم خېتىگە جاۋاپ.

1978-يىل قەشقەر.



# مەكتەپ تەسراتلىرى

(سىپكىل)

## نۇرانە دەۋرىمىز بىلەن

ئەجەپ كوركەم، ھايات قايناق، ئىلىم-پەن باغىنى كوردۇم،
كۆرەش بىلەن بىنا بولغان زەپەرنىڭ تاغىنى كوردۇم.

تەپەككۇر قۇشلىرىم كوكتە قانات قاقتى ئۇچۇپ شۇئان،
"توت ئاپەت"نىڭ بۇ باغ ئىچرە قاراسى-داغىنى كوردۇم.

دىگەن: "بۇ سەپ قارا جاڭگال، قارا يىپ قىلدى ھاكىملىق"،
بۇ توھمەتتىن رەقىپلەرنىڭ تېگى-ئەسرارىنى كوردۇم.

ئېسىلغان بىر ۋېۋىسكا بوپ "سېسىق توققۇز" دىگەن بەدنام،
تۈمەنلەپ گۈل ھەم باغۋەنىنىڭ كوكۇل ئازارىنى كوردۇم.

"نادان ئەمگەكچى لازىم" دەپ كوتەرگەن بىر مەھەل غەۋغا،
بۇ غەۋغادىن كېلىپ چىققان جاراھەت-يارىنى كوردۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مانا ئەمدى كوڭۈل يايراپ، بېقىپ ھەر يانغا كوز تاشلاپ،
ئوقۇش، مېھنەت، بەخت، كۈلكە ــ خوشاللىق سازىنى كوردۈم.

نۇرانە دەۋرىدىن قۇۋۋەت، ئەجەپ ئىززەت ـ ئورۇن تاپقان
ھەقىقى بىر مائارىپنىڭ گۈلىستان يازىنى كوردۈم.

كوڭۈل ئازادە، غەيرەت زور، قەدەملەر تەكشى، ئىمكان كەڭ،
تۈمەن گۈلنىڭ ئوزگە خاس ئېچىلغان چاغىنى كوردۈم.

كۈلۈپ قەلبىم ھوزۇرلاندى، ئېتىپ ئىلھاملىرىم ئوركەش،
گۈزەل، پارلاق كېلىچەكنىڭ تەبەسسۇم نازىنى كوردۈم.

## ئىلىم مەشئىلى پارلار دىللاردا

جاراڭلاپ زىل، مۇئەللىملەر چىقىشتى تەڭلا مۇنبەرگە،
يېزىلدى ئىلمۇ ـ ھىكمەتتىن ساۋاقلار دوسكا ـ دەپتەرگە،
يېقىلدى نۇر چىراغ ئوخشاش ئىلىم مەشئىلى دىللەرگە،
تۈزۈلدى چىن زەپەرنامە كۈرەش ـ جەڭدىن بۇ كۈنلەرگە.

بىرى سوزلەر سىياسەتتىن ھاياجان ئىلكىدە يايراپ:
"يوقالدى 'توت قارا ئاپەت'، ياشاردى ئومرىمىز پارلاپ،
ۋەتەن پۈركەندى گۈللەرگە يېڭى بەيگى قىزىپ، قايناپ،
ھەقىقەتنىڭ نۇرى چۈشكەچكە ئەمدى تەكشى ھەر يەرگە".



ئەدەبىياتۇ ـ سەنئەتتىن بىرى سوزلەيدۇ بۇلبۇلدەك:
"ئېچىلدى بارچە گۈل تەكشى پورەكلەپ قىپ ـ قىزىل گۈلدەك،
پىغان چەكتى رەزىل دۈشمەن، خوشالدۇر خەلقىمىز بىردەك،
يېزىلدى ناخشا ـ داستانلار ناۋا ئەيلەپ زەپەرلەرگە".

خەرىتە كورسىتىپ بىرسى ۋەتەن گۈلزارىدىن سوزلەر:
"مۇقەددەس، باي، گۈزەل يۇرتنىڭ تۇغۇلدۇق قوينىدا بىزلەر؛
چېقىلسا تەلۋە دۈشمەنلەر، تىكىلسە گەر يامان كوزلەر،
بولۇپ گۇمران، چۈشەر شۇئان تومۇر قاپقان، قەپەزلەرگە".

ھېساپ دەرسى ئوتەر بىرسى، قىلار ئۇ سوزنى بىر لىدىن،
بىرى سوزلەر راسا يايراپ، ئاتومدىن ھەمدە ۋودروتتىن:
"بۇ پەنلەرگە كوڭۈل قويغىن، تىرىشچان بول، ئوقى دىلدىن،
شۇنىڭدا تېز يېتەلەيسەن قىيىن پارلاق سەپەرلەرگە".

سىنىپ گويا گۈلىستاندۇر، كى ئۇستاز ئىشقى بۇلبۇلدۇر،
گۈلىستاندا تۈمەن ئوسمۇر ئېچىلغان خۇشپۇراق گۈلدۇر،
گۈلىستاننى ئاۋات ئەتكەن قۇياشلىق ھور شۇ دەۋراندۇر،
ئوتۈلگەن دەرس ئەجەپ ياخشى، قۇلاق سال خۇش ـ خەۋەر
لەرگە"

## غەزەپلىك پىپەن

لىقمۇ-لىق تولغان يوغان زال — خۇددى ئادەم دېڭىزى،
لەرزىگە سالغان بۇ زالنى جەڭگىۋار پىپەن سوزى،
"توت قارا ئاپەت" چىقارغان "ئىككى مولچەر" ئەندىزى،
ئوقتا مەھكۇم بوپ مانا ئەمدى تىتىلىپ چىقتى مېزى،
راست ئايان بولدى پۈتۈن ئىش ئايرىلىپ ئودەك-غېزى.

قانچىلەر بەس-بەستە سوزلەر دەرغەزەپتە ئوق ئېتىپ،
"ئىككى مولچەر"نى چىقاردى "توت ئاپەت" ھىلە ئىشلىتىپ،
ئىلمۇ-پەن ئەھلىنى خورلاپ، شۇم رەقىپلەرگە چېتىپ،
شۇ بىلەن خەلققە، ۋەتەنگە، پارتىيىگە مۇش ئېتىپ،
چاپتى ھەر يانغا تىپىرلاپ خاھى كەچ-خاھ كۈندۈزى.

"ئىككى مولچەر"گە غەزەپلىك چىقتى زور پەرمان بۈگۈن،
بىر نىيەتتە جەڭگە چۈشتۈق بىز تېپىپ دەرمان بۈگۈن،
پەن-مائارىپ غەلىبىسىدىن روھلىنىپ ھەرجان بۈگۈن،
شاتلىنىپ كۈلدۈق يۈرەكتىن ھەل بولۇپ ئارمان بۈگۈن،
كەلدى كوپتىن دىل سېغىنغان بەختىمىز باھار-يېزى.



## تەجرىبىخانىدا

كوزۈگىنى چاقنىتار بۇ جاي تىزىلغان رەتمۇ-رەت سايمان،
ئىلىم-پەن ئۈستىدە تەتقىق قىلار بۇ جايدا زور كارۋان،
تەبەسسۇم قىپ كۈلۈپ ئۈستاز بۇ كارۋانغا بېرەر دەرمان:
"ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىل!" دەپ دەۋردىن كەلدى چوڭ پەرمان،
قىلايلى تەجرىبە-تەتقىق، سالايلى كەڭ نەزەر ھەريان،
ئەمەسمۇ توتلىشىش بىزدە ئەزەلدىن دىلدىكى ئارمان،
كۆتەر بىزدىن نەتىجە-شان، كۈرەشچان بۇ يېڭى دەۋران.

## كىتاپخانىدىكى كەچلىك مەنزىرە

ئىلىم-پەن بوستىنى بۇ جاي، كىتاپلار دەستە ھەم دەستە،
ئوقۇشار ياش ئوغۇل-قىزلار ئېلېكتىر نۇرىدا كەچتە،
ئالار نەپ بەت ئارا شۇڭغۇپ قويۇپ زېھنىنى ھەۋەستە،
قىين-مۇشكۈل سوئاللارنى قىلىپ مۇلاھىزە بەس-بەستە،
بىلىم بوستانىدىن تاللاپ تىكەر دىللارغا گۈل-كەشتە،
ۋەتەن ئارزۇسىنى ھەر چاغ پۈكۈپ چىڭ-ساقلىشىپ ئەستە

1978-يىل قەشقەر.

www.uyghurkitap.com

# يېڭى يىل تەسىراتى

يىرتىلىپ كالېنداردىن ئاخىرقى بەت،
كونا يىل غەلىبە بىلەن ئۇزاپ كەتتى.
ئېچىلىپ كالېنداردىن بىرىنچى بەت،
يېڭى يىل تەنتەنىسى كوككە يەتتى.

* * *

مەمنۇنمەن خاسىيەتلىك كونا يىلىنىڭ —
ھەر سېكۇنت، ھەر بىر مىنۇت، ھەر كۈنىدىن.
بۇ يىلىنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ،
گۈل قىستى ئانا ۋەتەن زەپەر-شاندىن.

ئۇرلەپ تېز قىلدى پەرۋاز كوك قەرىدە،
بەسلىشىپ سانائەتنىڭ تۇلپارلىرى.
يېزىلىپ "زەپەرنامە" ئەقىل-كۈچتىن،
ياشنىدى تەرەققىيات گۈلزارلىرى.

پايانسىز باغۇ-بوستان، كەڭ يېزىلار
يۈكسەلدى، مول ھوسۇلدىن تاغ ياسالدى.



سائادەت قوشاقلىرى شوخ جاراڭلاپ،
ھەر قەلبنى ئىپتىخارلىق چۇلغىۋالدى.

ئىلىم-پەن گۈلبېغىدا بۇلبۇللارنىڭ
ناۋاسى كوتىرىلدى زەپ ئەۋجىگە.
ئۇتۇقتىن پۇتۇپ چىقتى مىڭلاپ قاموس،
دەۋرىمىز يەتكەچ پەننىڭ چىن قەدرىگە.

سۇمرۇغدەك قانات قېقىپ ئارمىيەمۇ
ئەل ئۈچۈن كورسەتتى چىن ساداقەتنى.
ۋۇجۇدى پۇتتى گاڭدىن جاسارەتتىن،
ئۈگىنىپ زور تېخنىكا-ماھارەتنى.

* * *

قارايمەن يېڭى يىلغا ئۈمىت بىلەن،
ياشنايمەن مۇشۇ يۈكسەك ئۈمىتلەردىن.
قەلبىمدە يالقۇنلايدۇ چەكسىز ئىشەنچ،
بۇ يىلمۇ تاغ ياسايمىز ئۇتۇقلاردىن.

ساۋاق بار بۇندا ئوتكەن ھەر بىر يىلدىن،
ئەمدى بىز قۇرۇق سوزلەپ ئولتۇرمايمىز.
ھەر يىلنى بەلكى ھەر بىر دەقىقىنى
ئالتۇندىن قىممەت بىلىپ ئۇلۇغلايمىز.

تۇرۇپتۇ قولىمىزدا يىل ئاچقۇچى،
بى سوراق يول باسالماس ئەمدى يىللار.
يىللارنى دۈلدۈل قىلىپ مىنىۋېلىپ،
تارىخقا قالدۇرىمىز تۆھپە-ئىزلار.

ۋەتەننىڭ بەختى ئۈچۈن جان تەسەددۇق،
ئۇرغىتىمىز تېخىمۇ زور جاسارەتنى.
كورۇشنى ئىستەر كوڭۇل بۇ يىلدىمۇ
گۈللەنگەن يېڭىچە بىر قىياپەتنى.

ئالغا باس، ئەي يېڭى يىل كارۋانلىرى!
ئالغا باس، پارلاق، گۈزەل مەنزىل تامان!
ھالال تەر — ئەجرىمىزدىن ياغسۇن نۇسرەت،
ئىمكانىيەت شۇنچە تولۇق، كەڭرى زامان.

1979-يىل قەشقەر.

## سۇ

تامچە-تامچەڭ ئىشقىنى كۆيلەپ قىلاي ئىزھار، سۇ،
سەن ھاياتلىقنىڭ قېنى، سەنسىز ھايات بىمار، سۇ.



بولمىسا ياشناتقۇچى گەر سەن كەبى ئابى ھايات.
سارغىيىپ بولغاي خازان جىمىكى جان، گۈلزار، سۇ.
بىپايان ئالەمدىكى جانلىق ۋە جانسىز ھەممىگە —
جانۇ-راھەت، كۈچ-قۇۋۋەت ھەمدە گۈزەل رۇخسار سۇ.

سۇ... دىسەم ئۇتمۇش قارا تۈنگە غەزەپ قايناپ تاشار،
سەن ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ بولغان يۈرەك سەدپار، سۇ.
ئاھ!... قۇدۇق قازغان ساڭا تەشنا بولۇپ چاك ئەيلىسە،
شەرۋىتىڭنى ئېتىغان تەييار تاماق ئەجدىھار، سۇ.
بەزىدە يىرتقۇچ بولۇپ ھەيۋە قىلىپ قىرغاق ئېشىپ،
يامرىغان ئاپەتسىمان، دىلغا سېلىپ دىشۋار، سۇ.
توختىماس خەۋپلىك توغاندا قانچە-قانچە توختىنى
سەن يۇتۇپ قىلغان ئۇلۇمگە بىمەھەل دۇچار، سۇ.

قەھرىمان دەۋران كېلىپ، كۈلگەندە بىز نوۋەت ئېلىپ،
بىز ئۈچۈن ئاقتىڭ مانا دولقۇنلۇنۇپ دىلدار سۇ.
شوخ سۈرەن-شاۋقۇن بىلەن ئوخچۇپ ئېرىق-ئۆستەڭلەردە،
ھەممىگە بەردىڭ نىجاتلىق، كۈلدى يەر، جاندار، سۇ.
شاقىراپ ھەيۋەت بىلەن يايغىن جاھانغا كەڭ قانات،
قان بولۇپ بوستان-دالا، چول قوينىغا سەن بار، سۇ.
قىپ-قىزىل زەپەرگۈلى قاپلاپ ۋەتەننىڭ باغرىنى،
مول ھوسۇل خامانلىرى سۇيسە بولۇت، سەن يار، سۇ.

1979-يىل قەشقەر.

# بەشكرەم ھەققدە ئىككى شېىر

## ئانارنىڭ دانىسى

كۆڭلى-كۆكسى زەپمۇ كەڭرى مويسىپىت دىخان ئۇزى،
سۈيۈنەر مېھمان دىسە، مېھمان ئۈچۈن قۇربان ئۇزى.
كورگىلى بولماس يۈزىنى داسقىنى مەمۇرچىلىق،
ئۇ بوۋاينىڭ ھىممىتىنى بىلدۈرەر داسقان ئۇزى.
قىپ-قىزىل تاتلىق ئانارنى ئاجرىتىپ تۇتتى ماڭا،
قىپ-قىزىل ياقۇتقا ئوخشاش يالتىرار ھەر دان ئۇزى.
ئىشتىھا بىلەن يىسەم ئۇ خۇش تەبەسسۇم ئەيلىدى،
"بۇندا بار بىر دانىسى دىلغا شىپا-دەرمان ئۇزى".
مەن دىدىم: "بىر دانىسىنىڭ نىمدۇر ھىكمەت-سىرى،
پىشسا بىر شاختا ۋە ياكى تۇرسا ئۇ ھەمىيان ئۇزى".
ئۇ دىدى: "بۇ سوز ئانارنىڭ قىممىتىگە زور باھا،
مىۋىلەر ئىچرە ئانار، ئەنجۇر، ئۈزۈم سۇلتان ئۇزى.
لەنىتى ئوتمۇش زاماندا بۇ ئانار يۈرتى ئارا
ئۇستۇرۇپ سۇلتان ئانارنى دىل ئازار بولغان ئۇزى.
مەن ئۇ چاغدا يەرۇ-ئويسىز ناتىۋان بىر قۇل ئىدىم،



باغدا ئۇستۇرسەم ئانار، ھەقدار ئىدى باي-خان ئۇزى.
بىر يىلى قىشتا بالامنىڭ ھەلقۇمىغا جان يېتىپ،
زارلىنىپ بىر تال ئانارنىڭ خەقىشىن قىلغان ئۇزى.
باي-غوجامنىڭ ئالدىغا مەن يالۋۇرۇپ كىرسەم شۇ چاغ،
بەرمىگەن، دەپ: 'ھەر ئانار ئون تەڭگىگە تۇرغان ئۇزى'.
ئەمدى دادۇينىڭ ئانارلىق بېغىغا ھەقدار ئۆزۈم،
مەنلا ئەمەس، ھەقدار بۇگۇن ئون مىڭلىغان دىخان ئۇزى".
مەن دىدىم: "شۇنداق بوۋا، بۇ دەۋرىمىزنىڭ خىسلىتى،
تەر توكۇپ ئوز مىۋىسىگە ئۇزى خان بولغان ئۇزى".
مانا ئالدىمدا ئانارلىق... زەپمۇ ئوخشاپتۇ بۇ يىل،
بەختىيار باغۋەن بوۋاي توككەچ ئاڭا تەر-قان ئۇزى.

## تال بارىڭدا

تال بارىڭى ئاستىدا بىز، چەت-چېتى نەدە بۇنىڭ،
بىر ئۇچى ئاسماندا بولسا، بىر ئۇچى يەردە بۇنىڭ.
ئۇستىمىزدە مەرۋايىتتەك يالتىرار مىڭلاپ ساپاق،
ھىكمىتى — باغۋەندىن ئاققان ئۇنچىدەك تەردە بۇنىڭ.
بىر شىڭگىلنى ئېپ شۇئان ئاغزىمغا سالدىم زوق بىلەن،
شەرۋىتىدىن ئېرىدى جان، تەمى شۇ يەردە بۇنىڭ.
كوڭلى كەڭ باغۋەن يىگىت ھورمەت بىلەن دەيتتى ماڭا:
"بۇ مۇناقى، بۇ ھۇسەينى، ئەركانىسى مەيەردە بۇنىڭ".



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

زەپ گۈزەل تۇس ئالدى بۇ باغ قۇدرىتىدىن ئاممىنىڭ،
قوينىدا ياڭرايدۇ كۈي ھەر چاغدا، سەھەردە بۇنىڭ.
ئەل ئارا بۇ تال باراڭدىن ئاقتى شەرۋەتلەر ئەجەپ،
شوھرىتى بىيجىڭ، ئۈرۈمچى ھەمدە قەشقەردە بۇنىڭ.

1979 ـ يىل بەشكىرەم.

## ئۈستانۇك ئالدىدا

تولۇن ئاي پارلايدۇ، تەبىەت كوركەم،
ئەل ـ جاھان ئۇيقۇغا چوككىلى نىكەم.
ئۈستانوك سايرايدۇ راۋاپ تارىدەك،
سائەتمۇ چىكىلداپ ئۆتەر دەممۇ ـ دەم.

غوپۇرجان بۇركۇتتەك جاسارەت بىلەن،
ۋەتەنچۈن ئەڭ قايناق چىلىش ئۈستىدە.
ئۇ زادى چارچىماس... يۇلتۇزلار موكۇپ،
تەبەسسۇم ئۇيىندى قۇياش چىھرىدە...

1979 ـ يىل ئۈرۈمچى.



## رۇبائىلار

بىر قىزىلگۈلدۇر ۋەتەن، ئىشقىدا سايرايدۇ تىلىم،
بىر ئانىكى باغرى كەڭ، مىھرىدە يايرايدۇ دىلىم.
ئەقلىمى ياغ، سۈيى شەرۋەت، تۇپرىغى زەر، تۇتىيا،
مىڭ قامۇسلۇق تارىخى بار شانۇ ـ شەۋكەتلىك ئېلىم.

* * *

كىمكى ئاشىق بولسا ئەلگە جان ئاتا قىلماق كېرەك،
بىر ئۆمۈر سادىق بولۇپ ئىخلاس ـ ۋاپا قىلماق كېرەك،
شۇ ساداقەت يالقۇنىدا كويسە ئۇ راھەت بىلىپ،
قانۇ ـ تەردىن توھپە داستانى جاكا قىلماق كېرەك.

* * *

كىندىك قېنىم توكۇلگەن ماكان،
سەن ماڭا گۈزەل، سۈيۈملۈك جانان.
قەلبىمدە يانار ئاتەشتەك ئۇلۇغ —
سېنى گۈللەتسەم، دىگەن بىر ئارمان.

1980 ـ يىل ئۈرۈمچى.

www.uyghurkitap.com

## قەشقەر

”ئەزىزانە“ نامىڭ مەشھۇر، قەدىمىي قەشقەر،
گۈزەللىكىڭ خۇددى باھار مەۋسۇمى قەشقەر،
يېرىڭ مۇنبەت، سۇيىڭ كەۋسەر — خۇش دىمى قەشقەر،
ناخشا-ئۇسسۇل، كەشتە يۇرتى — سەنئىمى قەشقەر.

قۇچىغىڭدا گۈلشەن باھار تويى-بەزمىسى،
قىزىل-تۇمەن دەريايىڭنىڭ كۈي-نەغمىسى،
زەپ يېقىملىق كاككۇكلارنىڭ ئۈنى-نەزمىسى،
رۇخسارىڭدا مىڭ گۈزەلنىڭ كورىمى قەشقەر.

گۈل چېكەڭدە ھېيتكارىڭ بار — گۈزەل ئاستانە،
بۇنى قۇتلۇق بىلەر خەلقىم، بۇڭا پەرۋانە،
يول باشلىنۇر مۇشۇ يەردىن ساڭا ھەر يانە،
سەن ئۆزەڭكى-ھېيتكا كوزى، كوركىمى قەشقەر.

پارىلدايدۇ ئاسپالت يول كوزنى چاقنىتىپ،
گۈل-گۈلىستان يېزىلارغا رىشتىڭنى چېتىپ،



ئوت ھارۋىلار ئىز قوغلىشىپ ئۇچار قاتنىشىپ،
بۇ مەنزىرە — گۈللىنىشىڭنىڭ ئۈنۈمى قەشقەر.

سۇۋادانلار، قارىغايلار ئوراپ ئۈستىڭنى،
گۈل-چىمەندىن كىيگەن لىباس تۈزۈپ بەستىڭنى،
سۆيۈندۈ ھەر بىر كىشى كۆرۈپ ۋەسلىڭنى،
گۈل دىيارسەن، رەنالارنىڭ ھەمدەمى قەشقەر.

ئاۋات كوچا-رەستىلەردە يانار سىم چىراق،
جىلۋىلىنەر نۇر ئىچىدە يېقىن ھەم يىراق،
چىن مەنالىق ھايات بىلەن ئۇتتۇشەر خۇشۋاق
باتۇر، ئىشچان كىشىلەرنىڭ تۈركۈمى قەشقەر.

زاۋۇتلارنىڭ تۈرخۇنلىرى سۆيىدۇ كوكنى،
يۈكسىلىشتىن گۈللەر قىسىپ بىزەلگەن ھوسنى،
تارىخ يولى ئېچىپ بەردى پارلاق بۇ بەتنى،
بۇ نەتىجە مەرت يىللارنىڭ دەرىمى، قەشقەر.

كۈتۈپخانا، كىتاپخانا — ئاجايىپ كوركەم،
بۇ بوستاندا مىغىلدايدۇ كۆر مىڭلاپ ئادەم،
ئىلمۇ-پەندىن دەرس ئالىدۇ تىرىشىپ ھەردەم،
مەرىپەتنىڭ پۈتمەس بۇلاق-ئېقىمى قەشقەر.

خويمۇ ياخشى روناق تاپقان ئونلىغان مەكتەپ،
ياش بۇغۇنلار ئۇگەنمەكتە بىلىم ۋە ئەدەپ،
بۇ ئەمەسمۇ ئەل-يۇرت ئۇچۇن ئىپتىخار، شەرەپ،
ساڭا كوپتۇر خەلقىنىڭ ئالقىش-تەزىمى، قەشقەر.

خەلق باغچىسى خۇددى "جەننەت" سەيلىخانىدۇر،
دىلنى مەپتۇن ئەيلەيدىغان گۇل ماكانىدۇر،
ئىزىز خەلقىم بۇ گۇلباغنىڭ ئاشىق يارىدۇر،
دىلغا شىپا بۇ دىيارنىڭ ئىقلىمى، قەشقەر.

خەلقىڭ ئىشچان، بۇلار ئۇچۇن ئەزىملىك ئويات،
ھەر تاماندا مېھنەت، كۇرەش دولقۇنلار ھايات،
يۇكسەك ئارزۇ، چىن ئۇمۇتتىن كوڭۇللىرى شات،
شۇ خەلقىڭ "چارى باغۇ-ئىرەمى" قەشقەر.

ئەي، ئانا يەر!... سەن قەلبىمنىڭ سۇيگۇ-دىلبىرى،
بۇ تەرىپىم—جامالىڭنىڭ ئون مىڭدىن بىرى،
تېخىمۇ زور بەختىڭ سېنىڭ، ئەمەس بۇ نېرى،
سېنى گۇللەش—ھەر يۇرەكنىڭ قەسىمى، قەشقەر.

1980-يىل قەشقەر.



## قەشقەر قىزى

ئەجەپ گۇزەل ئەتىگەن،
ئاسمان سۇزۇك لالىرەڭ،
ئالتۇن ۋادا شامىلى
سۇيۇپ ئوتەر مەڭزىمنى.
كوز ئالدىمدا تاناپتەك—
توپ-توز، ئۇزۇن مەر-مەر يول،
گۇل-چىمەنزار ئىككى يان
تارتار ئىدىم مەيلىمنى.

شوخ ئويانچى كەپتەردەك،
پەرۋاز قىلىپ باراتتىم؛
جۇغلىناتتى ئەتراپىمۇ،
ئوتقاش گىلەم يايغاندەك.
پاقىرايتتى شۇ ئەزىم
تۇمەن دەريا سۇلىرى؛
دولقۇنىغا كۇمۇش ھەم
زەردىن ئۇنچە چاچقاندەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يولداش ئىدى يېنىمدا
قەشقەر قىزى ئانارخان؛
نە قىزكى ئۇ، ھور-پەرى،
ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي.
ۋاھ، قانچىلىك خىسلەتلىك،
بۇ گۈزەلنى ئۆستۈرگەن؛
مۇشۇ ھاۋا، مۇشۇ سۇ،
مۇشۇ دىيار—ئېزىز جاي؟!

ئوڭ مەڭزىدە ياراشقان
بۇغدايچىلىك مېڭى بار؛
قەلەم قاشلىق، گىلاس لەۋ،
ئوقيا كىرپىك، بۇلاق كۆز.
تامىغىدىن پاقىراپ
ئۈچكەن سۈيى كۆرۈنەر؛
خۇش تەبەسسۇم، نۇر چىراي،
ئاق پۇسمىلاق، ئانار يۈز.

قارا سۇمبۇل چاچلىرى
تاپىنىغا چۈشىدۇ؛
ساناپ باقسام قىرىق ئۆرۈش،
ھەر ئۆرۈشى بىر بوستان.



قارىغانچە زوقلىنىپ،
ھوزۇرلىنىپ، روھلىنىپ،
دولقۇنلايدۇ دەريادەك
يۈرىگىمدە ھاياجان.

تاۋلىنىدۇ ئوتقاشتەك
سېرىق ئەتلەس كۆينىكى؛
چىمەنلىككە ئوخشايدۇ
كىيگەن چىمەن دوپپىسى.
بىلىگىدە بىلەيزۈك،
بارمىقىدا ئۈزۈكى؛
قۇلىقىدا چاقنايدۇ
چېچەك نۇسخا ھالقىسى.

ۋىجدانىغا سۆيگىدۇر
چىن ھەقىقەت، ئادالەت؛
مېھنەتتىدىن، ئەجرىدىن
تاپسام دەيدۇ سائادەت.
دۈشمەنلەرگە يۈرىگى
زىمىستان قىش داۋامەت،
ئۆز خەلقىگە قەلبىدە
بار مۇھەببەت، شاپاھەت.

ۋۇجۇدىدىن، بەستىدىن
ئۇرغۇپ تۇرار جاسارەت؛
قارىشىدىن ئاياندۇر
بىر دانالىق، پاراسەت.
تەبىەتلىك، سۇلكەتلىك،
خىسلىتىدۇر نازاكەت؛
سۆيگۈ، ۋاپا ئالدىدا،
ئۇ سەمىمى، ساداقەت.

بارار ئىدىم يانمۇ-يان،
دىدىم: قاراڭ ئانارخان!
بىر گېپىم بار ئاڭلىڭىز،
ئەمدى بايان ئەيلىبان:
بۇ جاھاندا بارمىدۇ،
پار كەلگۈدەك خىلىڭىز؟
سىزنى سۆيەر قەلبىمىز،
سىزگە قايىل يەر-جاھان.

"توت زىياداش" ۋاقتىدا،
بوغۇلغان پۇت-قولىڭىز؛
تۇۋاقلىنىپ تىلىڭىز،
غازاڭ بولغان گۈلىڭىز.



گۇنا بولغان مىللىچە
كىيىم كىيىپ يۇرسىڭىز،
ئەمدى مانا قايتىدىن
كەڭ ئىچىلدى يولىڭىز.

دىدى: قەشقەر قىزلىرى —
دېڭىز بولسا، مەن تامچە؛
ئۇلار بولسا گۈلباغچە،
مەن پەقەتلا بىر غۇنچە.
بىراق، ئوخشاش مېھرىمىز،
ۋىجدانىمىز، پىكرىمىز،
ۋەتەن ئىشقى دىللاردا
ئاسمان پەلەك گۈلخانچە.

بارار ئىدۇق بىز راۋان،
دىلدا چوڭقۇر ھاياجان.
ھېيتكاغا بىز كەلگەندە،
ئايرىلىشتۇق شادىمان.
ئۇ، ئىشىغا — دۇككانىغا
كەتتى مەغرۇر شۇ زامان.
مەن زاۋۇتقا سالدىم يول،
بولۇپ گويا قەھرىمان.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەيتتىم: قەشقەر قىزى مەرت،
مەردانىلىق ئەندىزى.
بارچە گۈزەل گۈللەرنىڭ
گۈزەللىگى، پەدىزى.
ئېخ، ئەجەپمۇ نۇرانە
قۇياش قىزى، ئاي قىزى،
نوزۇگۇمنىڭ ئەۋلادى،
قامۇس بولار بىر ئۇزى.

1980 ـ يىل قەشقەر.

# 战　斗　的　凯　歌

（维吾尔文）

吾守尔·伊布拉音
阿布力米提·阿吉 著

责任编辑：亚森·阿瓦孜

责任校对：努尔毕娅

民族出版社出版　新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32　印张：6 3/8

1981年6月第1版

1981年6月北京第1次印刷

印数：0001—5,500册　定价：0.37元

书号：M10049(4)101